ھېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى

# ھەسەتخورلۇق ھەققىدە

# ھېكمەتلەر



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېشى ئادرېسى

ھېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى

# ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھېكمەتلەر

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچىلەر: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
ئايشەمگۈل ئايۇپ
جۈرئەت نىياز
بىلىقىز مۇھەممەت



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

关于妒忌的格言:维吾尔文/阿迪力·穆罕默德主编.一乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2008.8
(经典格言系列丛书)
ISBN 978-7-80744-288-2

Ⅰ.关... Ⅱ.阿... Ⅲ.格言一汇编一世界一维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.H033

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2008）第 122081 号

| | |
|---|---|
| 丛书名 | 经典格言系列丛书 |
| 本册书名 | 关于妒忌的格言 |
| 策划 | 穆拉提·伊力 |
| 主编 | 阿迪力·穆罕默德 |
| 编者 | 艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯<br>阿依夏木古丽·阿尤甫<br>居来提·尼亚孜<br>贝丽克孜·穆罕默德 |
| 特约编辑 | 阿米娜·克奇克 |
| 责任编辑 | 艾尼瓦·库迪力克 |
| 责任校对 | 克尤木·吐尔逊 |
| 出版 | 新疆美术摄影出版社<br>新疆电子音像出版社 |
| 地址 | 830000 乌鲁木齐市西虹西路 36 号 |
| 发行 | 新疆新华书店 |
| 印刷 | 新疆新博文印刷有限责任公司 |
| 开本 | 880×1230mm 1/32 |
| 印张 | 3 印张 |
| 字数 | 51 千字 |
| 版次 | 2008 年 8 月第 1 版 |
| 印次 | 2008 年 8 月第 1 次印刷 |
| 书号 | ISBN 978-7-80744-288-2 |
| 定价 | 9.90 元 |

(书中如有缺页,错页及倒装请与工厂联系)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# تۈزگۈچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، قايسى بىر دانىشمەن «دۇنيا دانىشمەنلەرنىڭ ئىلكىدىدۇر» دېگەن ئىكەن. دەرۋەقە دۇنيا دانىشمەنلەرنىڭ ئەقىل - پاراسەت جەۋھەرلىرى بىلەن ئۆز مەنىدارلىقىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر مۇتەپەككۇرلارنىڭ كىشىلىك ھايات يەكۈنلىرى بولغان ھېكمەتلىك ئىبارىلەر زامان - زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قىممىتى يوقىماس گۆھەردەك نۇر چېچىپ، خەلقنىڭ مەنىۋىيىتىنى تويۇندۇرۇشىدىكى خورىماس بۇلاق بولۇپ كەلدى. ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ھېكمەتلىك ئىبارىلىرى پارچە - پارچە مەنبەلەردە ئېلان قىلىنغان ياكى قىسقىچە توپلام ھالەتتە نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما مەزمۇن بويىچە ئايرىم - ئايرىم توپلام قىلىنمىغان ئىدى. بۇ قېتىم بىز ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان ۋە تۈرلۈك ئەسەرلەردە تىلغا ئېلىنغان ھېكمەتلىك سۆزلەرنى توپلاپ، مەزمۇن بويىچە تۈرگە ئايرىپ «ھېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى» دېگەن نام ئاستىدا 50 يۈرۈش كىتاب قىلىپ تۈزۈپ چىقتۇق. ئىشىنىمىزكى، بىزنىڭ بۇ كىچىككىنە ئەمگەكىمىز خەلقىمىزنىڭ تارىختا ئۆتكەن ھەرقايسى ئەل مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ دۇنيا قارىشى بىلەن تونۇشۇشىدا، شۇنداقلا ئۇنىڭدا ئېيتىلغان ھايات تەجرىبىلىرى ئارقىلىق ئۆز مەنىۋىيىتىدىكى بوشلۇقلارنى تولدۇرۇشىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ.

كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ساڭا سۆزلەپ بېرىدىغان كىشى سې-
نىڭ ئەيىبىڭنىمۇ باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

شەكسىزكى، خاتالىقنى تۈزەشنىڭ چارىسى خاتالىقنى ئېتى-
راپ قىلىشتۇر، ئەگەر خاتالىققا سەۋەب كۆرسەتسە، گۇناھنى ئاشۇ-
رۇۋېتىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

كىشىنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەش ئەيىب، سۆزلەپ يۈرۈش پەس-
لىكتۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

ئەلنىڭ يوشۇرۇن ئەيىبىنى ئاشكارا قىلىش ئۆزىنى ئىشەنچ-
سىز ۋە ئۆزىنى رەسۋا قىلىشتۇر، بەلكى ئۆزىدەكىنى ھەم ئۆزىنىڭ بۇ
خىل ئەيىبىنى ئاشكارىلاشتۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

ئەلنىڭ ئەيىبىنى ئېچىش ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى ئېچىشتۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

www.uyghurkitap.com

ئادەم بالىسىدا كەمچىلىك، خاتالىق بولىدۇ، كەمچىلىكىنى ۋە خاتاسىنى تونۇپ ئويغانغان كىشى بەختلىك كىشىدۇر، كىشى ئۇنى ئېتىراپ قىلسا، گۇناھىنى يۇيۇۋېتىدۇ، كىمكى بىمەنە سۆزلەر بىلەن سەۋەب كۆرسىتىپ تاكاللاشسا، گۇناھىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ. مۇبالىغىسى قانچە كۆپ بولسا، خاتالىقىمۇ كۆپ بولىدۇ، كىبىرى قانچە ئوشۇق بولسا، رەسۋالىقىمۇ كۆپ بولىدۇ.

ئەلشىر نەۋائى

قارشى كىشىلەرگە تولىمۇ قاتتىقلىق قىلىنسا، يېقىن كىشىلەرنى ئىشەنچسىز كۆرسىتىپ قويىدۇ.

ئەلشىر نەۋائى

ئادەملەرنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئەيىب ئاختۇرغان ئادەمنىڭ ئەيىبسىز بولۇشى ناتايىن، ھەممە نەرسىگە يامان كۆز بىلەن قارىغۇچى كىشى ھەسەلنىمۇ زەھەر ئورنىدا كۆرىدۇ.

ئەلشىر نەۋائى

ئىشنى باشقىلارغا بۇيرۇپ ئۆزى قىلمىسا، كىشىلەرگە ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى ۋە تەسىرى بولمايدۇ.

ئەلشىر نەۋائى

كىشى ئويلىماستىن قەدەمنى خاتا بېسىپ قويسا، تېيىلىپ كېتىپ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ.

ئەلشىر نەۋائى

غەمكىنلىك بىلەن ياشاپ، باشقىلارنىڭ مەئىشىتىدىن ئۈمىد قىلىپ يۈرگىنىڭدىن كۆرە، توغرا كەسىپ قىلىپ، ئۆز مېھنىتىڭ

بەدىلىگە كەلگەن ھالال غىزانى يېگىنىڭ ياخشىراق.

ئەلىشىر نەۋائى

ئۆزىنى مىسكىنلىك يولىغا تاشلاپ، بىلەرمەنلىك قىلغان ھەم ئۆزىنى ئۆزى خار قىلغانلار ھالاكەت يولىغا ماڭىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

شەيخنىڭ ساختىپەزلىكى يوقالمايدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

ھەسەتخور كىشى ئەر سانىدا ئەمەس، روھسىز بەدەننى كىشى تىرىك دېمەس.

ئەلىشىر نەۋائى

ھەسەتخور كىشى بىماردۇر، بەلكى ئۇ ساقايماس كېسەلگە گىرىپتاردۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

غەيۋەت قىلغۇچى زىيانكاردۇر، بەلكى نىجاسەت يېگۈچىدۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

خىيالپەرەس ۋە ئىچى يامان ئادەم ھەرقانداق كىشىگە ھەسەتخورلۇق قىلىدۇ.



ئەلىشىر نەۋائى

ھەسەتخور كىشى ھەربىر تال تىكەننى گويا قىممەتلىك جاۋاھىراتنىڭ ئورنىدا كۆرسە، ئۇششاق سەدەپ پارچىلىرىنى مارجان ئورنىدا كۆرىدۇ. بۇ خىل كىشىلەر ئەگەر باشقىلارنىڭ ئۆيىدە پېتىر ناننى كۆرسە، ئۇنى ئاسماندىكى تولۇن ئاينى كۆرگەندەك ئىچى

www.uyghurkitab.com

ئۆرتىنىپ كېتىدۇ.

ئەلشىر نەۋائى

ھەسەتخورلۇق ئۆزى بىر كېسەللىك بولۇپ، گىرىپتار بولغۇچى شۇ ئىچى يامانلىقى دەستىدىن ئۇنىڭدىنمۇ يامان بولغان خەتەرلىك ئىللەتكە گىرىپتار بولىدۇ.

ئەلشىر نەۋائى

كۆزۈڭنى ئۆز نۇقسانىڭغىلا قارىتىپ، ئۇنى تۈزىتىشكە ھەرىكەت قىل. باشقىلارنىڭ ئەيىبىگە دىققەت قىلىپ، كۆز سېلىپ يۈرمە.

ئەلشىر نەۋائى

پەقەت ئۆز ئەيىبىنىلا كۆرىدىغان، باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى كۆرمەيدىغان ۋە ئۆزىنىڭ ناچار ئىللەتلىرىنى كۆزىتىشكە ماھىر كىشىلەرنى ھەقىقىي ئادەم دېيىشكە ئەرزىيدۇ.

ئەلشىر نەۋائى

گەپ توشۇغۇچىلارنىڭ كىچىكى ياكى چوڭى بولسۇن، ئادەتتىكىسى ۋە ياكى ئۇلۇغى بولسۇن، بىلىشىڭ كېرەككى، ئۇلار دوزاخ ئوتىغا تۇتۇرۇق بولىدۇ.

ئەلشىر نەۋائى

ئەلنىڭ ياخشى ئىشلىرىنى ئەيىبلەپ يامانغا چىقىرىدىغانلارنىڭ خەلق تەرىپىدىن قاتتىق ئەيىبلەنمەيدىغىنى يوق. ئۇلار كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى تېزلا كۆرىدۇ. لېكىن، زەھەرنى ھەسەل، ھەسەلنى بولسا زەھەر دەپ بىلىدۇ.

ئەلشىر نەۋائى

بىراۋغا توغرا نەزەر بىلەن قارايدىغانلارنىڭ دىلى پاك بولسا، كىشىلەرنىڭ ھۈنەر ـ كەسىپلىرىنى كۆرەلەيدىغانلار كۆزى ئۆتكۈر، راستچىل ۋە توغرا باھا بەرگۈچىلەردۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

كىشىلەرنىڭ مەخپىي ئەيىبلىرىنى ئاشكارىلاش ئەلنىڭ ئىد-شەنچىدىن مەھرۇم قىلىشقا ئېلىپ بارسا، ئۆزىنىڭ مەخپىي ئىش-لىرىنى ئاشكارىلاش ماھىيەتتە ئۆزىنى ئۆزى رەسۋا قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

دۈشمەن گەرچە پەس ۋە يىرگىنچلىك بولسىمۇ، ئۇ ھامان كىشىلەرنىڭ ئېھتىياتچان بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. تىكەن قانچە ئۇششاق بولغانسېرى، ئۇنىڭغا كۆپرەك زەن سېلىشقا ھەم ئۇنىڭغا ئېھتىيات قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

دۈشمەننىڭ كۆرەڭلەپ كېتىشىدىن غەم قىلما، مەدداھنىڭ سېنى ماختاپ ئۇچۇرۇشلىرىغا ئىشەنمە، ئۇنى راست دەپ بىلمە.

ئەلىشىر نەۋائى

دۈشمەننىڭ تەبىئىي دوستلىشىش ۋاقتى خۇددى سۇنىڭ ئوتنى ئۆچۈرمىگىنىدەك ۋە شامالنىڭ توپىنى سورىمىغىنىدەك بىر ئىشتۇر.



ئەلىشىر نەۋائى

دۈشمەن ئۆلگەن بىلەن ئۇنىڭ بۇرۇنقى زىيانكەشلىكلىرىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمىغىن ۋە ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىل. دۈشمەن

www.uyghurkitap.com

ئەگەر جانغا ئارام بېغىشلايدىغان، كۆڭۈلنى يايرىتىدىغان سۆزلىرى بىلەن سىنى ئالدىماقچى بولسا، سەن ئۇنىڭدىن ھوشيار تۇرۇشۇڭ كېرەك. چۈنكى سۇ بىلەن ئوت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ئەلمىساقتىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەندۇر.

ئەلىشىر نەۋائىي

ئەي ھەسەتخور، ئەلگە قىلغان ھەسەتخورلۇقۇڭ تۈپەيلىدىن ئاللا سىنى خار قىلدى. كىمكى كىشىلەرنىڭ ھالال بايلىقىغا ناھەق ھالدا ئاچ كۆزلۈك بىلەن ھەسەت قىلىپ قول ئۇزىتىدىكەن. ئۇنىڭ ھالى شۇنداق بولىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىي

ئاي ئۆز نۇرى بىلەن پۈتۈن ئالەمنى يورۇتىدۇ. ئەگەر ئۇ بىر كېچىلىك بولغاندىمۇ، شەپەرەڭ قاناتلىرىنىڭ شامىلى ئاي نۇرىنى قانداقمۇ ئۆچۈرەلىسۇن.

ئەلىشىر نەۋائىي

نادان، بىلىمسىز كىشىگە ھەسەتخورلۇق قوشۇلسا، بۇ ئىككى خۇسۇسىيەت بىلەن كۆزلىرىدىن نۇر يوقىلىپ، ئۇ ھېچنېمىنى كۆرمەس ۋە ئاڭلىماس بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ زۇلۇم شەمشىرىنى كۆتۈرۈپ، ئەلنىڭ كۆزىنى ۋە ئاخىر ئۆز كۆزىنى ئويۇشقا يۈزلىنىپ، ئۆزىنى ئۆزى ھالاكەتكە تاشلايدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىي

شىر ئۆزىنىڭ كۈچ - قۇدرىتى ۋە جاسارىتى بىلەن ئېگىز تاغقا چىقسالىسىمۇ، ئاسماندىكى تولۇن ئايغا قانداقمۇ سەكرەپ چىقالىسۇن.

ئەلىشىر نەۋائىي

كىمكى ئەگەر باشقىلارنى قەستلەپ ئورا كولىسا، كولىغان ئورىسىغا شۇ كىشىنىڭ ئۆزى چۈشىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

كىشىلەرنىڭ گۇناھى ھېسابىغا ھەر خىل يوللار بىلەن گىدىنە ـ ئاداۋەت ساقلاش ۋە تۈرلۈك ھىيلە ـ مىكىر ئويلاش ئۆز گۇناھىنى ھەقىقەتەن ئېغىرلاشتۇرىدۇ، خالاس.

ئەلىشىر نەۋائى

ھىيلە ـ نەيرەڭ سارىيىغا تۈۋرۈك بولغان ئۇنداق لىم سۇنۇپ، بۇ ئۆيىنىڭ ۋەيران بولغىنى ياخشى.

ئەلىشىر نەۋائى

ئەلنىڭ غېمىنى يەپ، ئەرز ـ ھالىنى تىڭشا، ئۇلارنىڭ جېنىغا ۋە مال ـ مۈلكىگە قەست قىلغۇچى بولمىغىن.

ئەلىشىر نەۋائى

ھەممە نەرسىنى ياخشى دەپ قارايدىغان، ياكى ھەممىلا نەرسىنى يامان دەپ قارايدىغان، بولۇپمۇ ھەممە نەرسىگە بىپەرۋا قارايدىغان ئادەملەرگە ئىشەنمە.

ئى.لافاتېر

7

بىلىمسىز كىشى ھۆكۈمران پىكىر ۋە ئەنئەنىۋى مودىللارغا ھەر دائىم چاپلىشىۋالىدۇ. ئۇ، شەيئىلەرگە تۇرغۇن ھالىتىنى بىردىنبىر ھالەت دەپ ھېسابلايدۇ ۋە ھەممە نەرسىگە پاسسىپ قارايدۇ.

ك.لېختېنبېرگ

www.uyghurkitap.com

كىشىلەرگە پايدىسىمۇ، زىيىنىمۇ تەگمەيدىغان ئادەمدىن بى-
چارە ئادەم يوق.

قابۇس

ھەممىلا نەرسىنى ماختاۋېرىدىغان ئادەمگە ئانچە ئىشەنمەڭ. ھەممىلا نەرسىنى يامانلايدىغان كىشىگە يەنىمۇ ئازراق ئىشىنىڭ. لېكىن، ھەممىلا نەرسىگە بىپەرۋا قارايدىغان ئادەمگە ئەسلا ئىشەن-مىسىمۇ بولىدۇ.

ئى.لافاتېر

ئىنسانىي پەزىلەتلەرگە يات بولغان، ئانا ۋەتىنىنىڭ تەقدىرىگە، يېقىن ئادەملىرى تەقدىرىگە بىپەرۋالىق بىلەن قارىغان ئادەمدىن خەۋپلىكرەك ئادەم يوق.

م.ئى.سالتىكوف ـ شېدرىن

دۈشمەنلەردىن قورقۇپ كەتمە، ناھايىتى قىلسا ئۇلار سېنى ئۆلتۈرۈشى مۇمكىن، دوستلاردىن قورقما، ناھايىتى ئۇلار ساڭا مۇناپىقلىق قىلىشى مۇمكىن. بىپەرۋا ئادەملەردىن قورق، ئۇلار ئۆلتۈرمەيدۇ، مۇناپىقلىقمۇ قىلمايدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ جىمجىتلىق ئىچىدە قىلغان رەزىللىكلىرى سەۋەبىدىن يەر يۈزىدە خائىنلىق ۋە قاتىللىق ھۆكۈم سۈرىدۇ.

ب.ياسېنىسكىي

ھالال بىر كىشىنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلغان كاچات ئۇچۇن ساپ كۆڭۈللۈك ئادەملەر ئۈنىڭ دەردىگە، نەپرىتىگە، ئىنسانىي قە-

دىر - قىممىتىنىڭ خورلانغانلىق سەۋەبىدىن ئۆكسۈشىگە ھەمدەم بولۇشى كېرەك.

ل.ن.ئاندرېيېف

بىر ئادەمگە قىلىنغان ئادالەتسىزلىك ھەممىگە قىلىنغان ئادالەتسىزلىكتۇر.

ش.مونتېسكىي

ناھەقچىلىقنى كۆرۈپ تۇرۇپ كارى بولماسلىق، شۇ ناھەقچىلىققا قاتنىشىش بىلەن باراۋەردۇر.

ژ.ژ.روسسو

كەمتەرلىك ياخشى. لېكىن بىپەرۋالىق توغرا ئەمەس.

ف.ۋولتېر

ئەگەر سەن باشقىلارنىڭ قايغۇسىغا ئېتىبارسىز قارىغان ئىكەنسەن، ئىنسان دېگەن نامغا لايىق ئەمەسسەن.

سەئدى

قەيەردە ئېتىبارسىزلىق بولىدىكەن، شۇ يەردە خاتالىق يۈز بېرىدۇ. قەيەردە بىپەرۋالىق بولىدىكەن، شۇ يەردە جىنايەت بولىدۇ.

گ.لېختېنبېرگ



بىپەرۋالىق —ئۆتۈپ كەتكەن زالىملىقتۇر.

م.ئويلسان

بىپەرۋالىق —ئېغىر قەلب كېسەللىكى.

ئا.توكۋېل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىپەرۋالىق قەلبىنىڭ پالەچلىكى، شۇنداقلا ئۇ ۋاقىتسىز ئۆلۈمدۇر.

ئا.پ.چېخوف

بىپەرۋا بولماڭ، چۈنكى بىپەرۋالىق ئىنسان قەلبىنى ئەربات قىلىشى مۇمكىن.

م.گوركىي

بىپەرۋالىق — كىم كۈچلۈك بولسا شۇنى، كىم ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان بولسا شۇنى جىمجىتلا قوللاپ - قۇۋۋەتلەشتۇر.

ۋ.ئى.لېنىن

ياخشىلىق يامانلىق بىلەن، ھەقىقەت يالغانچىلىق بىلەن، تەرەققىيات چۈشكۈنلۈك بىلەن ھېچقاچان چىقىشالمىغان ۋە چىقىشىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

ژ.مادزىنى

دوزاخنىڭ ئەڭ دەھشەتلىك جايلىرى بۈيۈك مەنىۋىلىكنى سىنايدىغان مىنۇتلاردا بىتەرەپ تۇرىدىغان ئادەملەرگە قالدۇرۇلغان.

دانتى

ۋاپا، ساخاۋەتنى ياخشى كۆرۈش ئۈچۈن، پۈتۈن ۋۇجۇد بىلەن يامانلىققا نەپرەت ئوقۇش كېرەك.

ۋ.ۋولتېر



يامانلىقتىن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن، ئەڭ كۈچلۈك نەپرەتلىنىشنى بىلگەن كىشىلا ياخشىلىقنى يۈرىكىدىن سۆيىدۇ.

ف.شىللېر

يامانلىقنى ھەقىقىي يامان كۆرمىگەن ئادەم ياخشىلىقنىمۇ ھەقىقىي ياخشى كۆرمەيدۇ.

ر.روللان

يامانغا يانتاياق بولۇش، كۆپىنچە ياخشىلىققا بىپەرۋا قاراش بىلەن قوشۇلۇپ كېلىدۇ.

ن.س.لېسكوف

كىم ياخشىلىقنى بىلمىسە، نەپرەتنىمۇ بىلمەيدۇ. كىم زوقلىنىشنى بىلمىسە، غەزەپنىمۇ بىلمەيدۇ. كىم بىرەر نەرسىنى ئۇلۇغلىمىسا، نالەت قىلىشنىمۇ بىلمەيدۇ.

ل.بېرنې

تەنقىد ئىنقىلابچىنىڭ مەسئۇلىيتى.

ۋ.ئى.لېنىن

بىز ھەممە نەرسىنى يوشۇرماي، يۈزمۇيۈز، يامانلىقنىڭ يىلتىزىنى قىرقىپ تاشلاش ئۈچۈن تەنقىد قىلىشقا چاقىرىمىز. مانا بۇ بىزنىڭ ساپلىقىمىز ۋە كۈچ ـ قۇدرىتىمىزنىڭ ئەڭ ياخشى دەلىلىدۇر.

ۋ.ۋ.ماياكوۋسكىي



تەنقىدسىز بىر ـ بىرىنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ، ھەم بىرلىكمۇ بولمايدۇ.

ف.ئېنگېلس

پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلابىي پارتىيىسى ئۆز ـ ئۆزىنى

ئوچۇق - ئاشكارا تەنقىد قىلىشقا، خاتالىق ۋە ئاجىزلىقلارنى ئېنىك-كىلەنمەستىن ئېتىراپ قىلغاچقا، يېتەرلىك دەرىجىدە كۈچ ۋە قۇدرەتكە ئىگىدۇر.

ۋ.ئى.لېنىن

ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىش ھەرقانداق جانلىق ۋە ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغان پارتىيە ئۈچۈن شەك - شۈبھىسىز زۆرۈردۇر. ئۆزىگە مۇنار تىكلىمەكچى بولغان خىيالپەرەسلەردىنمۇ قەبىھرەك نەرسە يوق.

ۋ.ئى.لېنىن

ئېغىر مەسىلىلەردىن چەتنەپ ئۆتۈپ كەتمەسلىك، ھەم ئۇلا-رنى قانات ئاستىغا ئالماسلىق كېرەك. بەلكى، ئۇلارنى ئاشكارا ئوت-تۇرىغا قويۇش كېرەك.

ۋ.ئى.لېنىن

مەۋجۇت ئىللەتلەرنى يوشۇرماسلىق كېرەك. ئۇنىڭغا پارتى-يىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاش ۋە بارلىق پارتىيە ئەزالىرىنى ئەنە شۇ ئىللەتتىن قانداق قۇتۇلۇش ئۈستىدە ئويلىنىشقا، ھەرىكەت قىلىشقا ئۈندەش كېرەك.

ۋ.ئى.لېنىن



كېسەلنى داۋالاش ئۈچۈن، ئۇنى ئىنقىلاپ كېسىلىنى ئاشكا-رىلاش كېرەك. بۇ ئۇنۇملۇك، توغرا يول ھېسابلىنىدۇ.

ف.ئە.دزېرژىنىسكىي

ئىللەتنىڭ سەۋەبىنى تېپىش — دەل ئۇنى داۋالاش چارىسىنى

تېپىش دېگەنلىكتۇر.

ۋ.گ.بېلىنسكىي

ھەر دائىم تىنچ ۋە ئارامخۇدا ئۆتۈشنى خالىساڭ، گېپىڭ ھەممە يەردە تاتلىق بولۇۋەرسە، مۇلايىملا بولساڭ قانداق بولىدۇ دېمەمسەن؟ ئۇ ھالدا، ۋىجدانسىزلىق، ئالدامچىلىق، نادانلىق ئۈچۈن كەڭ يول ئېچىلىدۇ. ھېچكىم ئۇ ئىللەتلەرنى پاش قىلمايدۇ، ئاخىرى ھەقىقەتنىڭ قۇدرەتلىك خىتابىنى ئېيتىدىغان ئادەممۇ چىقماي قالىدۇ.

ۋ.گ.بېلىنسكىي

تەنقىد قاننىڭ نورمال ئايلىنىشىغا ئوخشاشتۇر. ئۇنىڭسىز تۇرغۇنلۇق ۋە كېسەللىك مەۋجۇت بولىدۇ.

ن.ئا.ئوستروۋىسكىي

تەنقىد خاتالىقنىڭ، قۇرۇق «ئىنقىلابىي» شوئارلارنىڭ دۈشمىنىدۇر. تەنقىد ھەقىقەتنىڭ ئەڭ مۇھىم تايانچىسى، ئۇ ھەقىقەتنىڭ ئانىسى ۋە كىندىك ئانىسىدۇر. ئۇ ھەقىقەتەن كۈچكە ئىگە قىلغۇچىدۇر. ھەقىقەت پەقەت تەنقىد ئارقىلىقلا مەۋجۇت.

گ.ۋ.پېلېخانوف

بىز كەمچىلىكلەرنى كۆرسەتكۈچى كىشىلەردىن مىننەتدار بولۇشىمىز كېرەك.

ب.پاسكال

ئەڭ مەشھۇر داھىيلارمۇ ئۆز يېتەرسىزلىكى ۋە خاتالىقلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگۈچى تەنقىدكە موھتاج.

ن.ئا.بېستونوف

www.uyghurkitab.com

مەن ئۆمۈرۈم بويى مۇخلىسلىرىمغا قارىغاندا تەنقىدچى دوستلىرىمدىن، بولۇپمۇ مۇلايىم، دوستانە سۆزلىرى بىلەن تەنقىد بەرگەن دوستلىرىمدىن كۆپرەك پايدا ئالغانمەن.

م.گەندى

كەمچىلىكلىرىمىزنى بىلىۋالساق، بىزگە زىيان ئاز بولىدۇ.

گ.لىختېنبېرگ

دانا ئادەم كۆپىنچە ئۆزىگە ھۇجۇم قىلغانلار تەرىپىنى ئالىدۇ. چۈنكى، ئۇ، ئۆز كەمچىلىكلىرىنى چۈشىنىشتە ئۇلاردىن كۆپ مەنپەئەت ئالغان.

د.ئېمېرسون

يالغانچىلىق بىلەن ئۆزىنى ئالدىماسلىق كېرەك. چۈنكى يالغانچىلىق قىلىش تولىمۇ زىيانلىق.

ۋ.ئى.لېنىن

ناچار ئىللەتلەرنى تۈزىتىش ئۈچۈن، ئالدىن ئۇلارنى تەن ئېلىش كېرەك.

د.ئى.پىسارېۋ

چىرىپ كەتكەن نەرسىگە قول تەگكۈزگىلى بولمايدۇ.

ۋ.شېكسپىر

... ئەگەر بىز ھەتتا ئاچچىق ۋە بەكمۇ ئاچچىق ھەقىقەتنى ئېنىق، توپتوغرا ئېيتىشتىن قورقمىساق بىز ھەممە نەرسىنى ۋە ھەرقانداق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشنى ئۆگىنىۋالىمىز. ئەلۋەتتە،

سۆزسىز ئۆگىنىۋالىمىز.

ۋ.ئى.لېنىن

ئاشكارىلىق شۇنداق بىر تىغكى، ئۇ ئۆزى قىلغان جاراھەتنى ئۆز ساقايتىدۇ.

ۋ.ئى.لېنىن

ناچار ئىللەتلەرگە قارشى كۈرەش قىلىش كېرەك. ئۇنىڭغا تاقەت قىلىپ تۇرۇشقا بولمايدۇ. ناچار ئىللەتلەر بىلەن مۇرەسسە - مادارا قىلىش ئۆزىنى ئۆزى ئەخلاقسىز كىشىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇش دېمەكلىكتۇر.

ۋ.ئا.سۇخوملىنىسكىي

كىشىگە ئۆز كەمچىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگىنىڭىزدىلا، ئۇ ئۆزىنى يېنىك ھېس قىلىدۇ.

ئا.پ.چېخوف

ھەقىقەت رەھىمدىللىكتىن يۇقىرى تۇرىدۇ.

م.گوركىي

ھەقىقەتنى سۆزلەش ھەر كىمگە نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ.

م.گوركىي



تەنقىد قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، بىرەر ھەقىقەتكە ئىشىنىش كېرەك.

م.گوركىي

ئىشتىكى خاتالىقنى تېپىپ چىققانلىق، تېخى شۇ ئىشنىڭ

www.uyghurkitap.com

پۈتۈنلەي خاتا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئەمەس.

ۋ.گ.بېلىنسكىي

تولۇق تۈزىتىلىپ بولغان خاتالارنى، ئالاھىدە زۆرۈر بولمىغاندا سۆزلەۋېرىش توغرا ئەمەس.

ۋ.ئى.لېنىن

ئادەملەرگە ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈشنى ئۆگىنىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئادەم ئۆزىگە ھەقىقەتنى چۈشىنىش شەرتىنى قويۇش كېرەك.

ل.ن.تولستوي

ئاقىلنىڭ ئازغانلىقىنى قەھر - غەزەپ بىلەن ئەمەس، بەلكى قىزغىنلىق بىلەن كۆرسىتىپ بېرىش كېرەك.

ف.م.كارامزىن

تەنقىد كەمچىلىكلەرنى ئەيىبلەش بىلەن بىر چاغدا، قانداق قىلغاندا، شۇ كەمچىلىكلەرنىڭ سادىر بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەندىلا نەتىجىلىك بولىدۇ.

ل.ن.تولستوي



خاتالىقلارنى سېزىۋېلىش ئانچە قىيىن ئەمەس، ئەقىللىق ئادەملەرنى كەلسە - كەلمەس ئادەملەردىن ئالاھىدە ئاجرىتىپ تۇرىدىغان پەرق — شۇ خاتالىقلاردىن ئوبدانراق يول تېپىپ بېرىشتۇر.

م.ۋ.لومونوسوف

«ئۇنداق قىلما» دېيىشلا يېتەرلىك ئەمەس. «مانا بۇنداق قىل»

دەپ قوشۇپ قويغاندا تولۇق بولىدۇ.

م.گوركىي

پەقەت ئىنكار قىلىشنىلا بىلىدىغان ئەقىل ئاخىرى نامراتلىشىپ، قۇرۇپ تۈگەيدۇ.

ئى.س.تۇرگىنېف

ھاياتتا ئەڭ قىممىنى، ئۇزاق يىللار داۋامىدا كۆڭۈلدىكى ئەمگەك قىلىشنى بىلىش جاسارىتىدۇر. كەمچىلىكلەر ھەققىدە چۇقان كۆتۈرۈش ئۇچۇنلا ئەقىللىق بولۇشنىڭ ئەھمىيىتى يوق. سەپسەتە ۋە قۇرۇق سۆزلەر ھەقىقەتەنمۇ نەپرەتكە لايىق، قۇرۇق گەپ قىلىشتىن كۆرە ئىش قىلىش كېرەك.

ۋ.ئا.سۇخوملىنسكىي

ئۆلچەمدىن ئارتۇق بېرىلگەن دورىدىن مەنپەئەت بولمىغاندەك، ئادالەت ئۆلچىمى چېگراسىدىن چىقىپ كەتكەن دەشنام، تەنقىددىنمۇ مەنپەئەت بولمايدۇ.

ئا.شوپېنگا ئۇئېر

چۈشەنمەسلىكتىن خاتالىقلارنى قىلىپ قويغان كىشىلەرگە ئانچە غەزەپ كەتمەسلىك كېرەك.

سافاكل



بەزى چاغلاردىكى سۈكۈتمۇ ئەڭ قاتتىق تەنقىد رولىنى ئوينايدۇ.

ج.باكستان

باشقىلارنىڭ ئىشى توغرىسىدا قاتتىق سۆزلىگەن ئادەم ئۆز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئىشىنىڭمۇ باشقىلارنىڭكىدىن ياخشىراق بولۇشىنى ئۆزىڭگە تەلەپ قىلىپ قويۇشى كېرەك.

ۋ.گ.بېلىنىسكى

بىز كۆپ ھاللاردا، باشقىلارنىڭ نۇقسانلىرى ھەققىدە سۆزلەيمىز - يۇ، ئەمما ئاشۇ نۇقسانلاردىن ھەر دائىم ئىبرەت ئېلىپ، ئۆز كەمچىلىكلىرىمىزنى تۈزىتىشكە ھەرىكەت قىلمايمىز.

ف.لاروشفېك

باشقىلارنىڭ كەمچىلىكىنى يېپىدىن - يىڭنىسىغىچە كۆرۈپ، ئۆز كەمچىلىكلىرىگە ئېتىبارسىز قاراش يۈزسىزلىكتۇر.

دېموكرىت

ئادەم دەل ئۆزىنى ناھايىتى قاتتىق تەنقىد قىلىشى كېرەك. ئۆزىگە ئەڭ قاتتىق تەلەپ قويۇشى كېرەك. ئۇنداق قىلمىسا، توغرا يولدىن ئېزىپ، پاتقاقا پېتىشى تۇرغانلا گەپ.

ك.لىبكنېغت

باشقىلارنىڭ ساڭا شەپقەتسىز بولۇشىنى خالىمىساڭ، ئۆزۈڭ باشقىلارغا شەپقەتلىك بول.

ل.م.لېۋنوف

ياشلىقىڭدىن باشلاپ، يېقىن كىشىلىرىڭنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈشكە، ئۆز گۇناھىڭنى بولسا ئەسلا كەچۈرمەسلىككە ئۆگەن.

ئا.ۋ.سۇۋوروف

ھەقىقەتنى يامان كۆرىدىغان ئادەملەر ئۇنى دادىل

سۆزلەيدىغانلارنىمۇ يامان كۆرىدۇ.

ف.فىلىپان

بىر قىسىم ئادەملەر باركى، ئۇلارغا ھەرقانداق توغرا سۆزمۇ، سەمىمىي ئېيتىلغان نەسىھەتمۇ قاتتىق تېگىدۇ.

ن.گ.چېرنىشېۋىسكىي

ئۆزى ھەققىدىكى مەۋجۇت ھەقىقەتنى چىن يۈرىكىدىن ئاڭلايدىغان ئادەملەر كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدۇ.

ف.لاروشفېك

لەنىتىلەر، زالىملار، بۇلاڭچىلار ھاكىمىيىتى ئۇچۇن ھەقىقەت خەۋپلىكتۇر. شۇنىڭ ئۇچۇن، ئۇلار ھەقىقەتنى ياپىدۇ.

يو.دېبىس

قەبىھلىكلەرنى پەيدا قىلىدىغان شارائىتلارغا قارشى كۈرەش قىلماي تۇرۇپ ھەقىقەتنى تەلەپ قىلىش، يامغۇر يېغىۋاتقاندا تاش ياتقۇزۇلمىغان كوچىنىڭ پاتقاق بولماسلىقىنى تەلەپ قىلىش بىلەن ئوخشاشتۇر.

د.ئى.پىسارېف

شۇنىسى ياخشىكى، تەنقىدنىڭ ئۆزى تەنقىدكە موھتاج بولمىسا، ئۇ كۆرۈنگەنلا كىشىگە دەھشەتلىك قورال بولۇپ خىزمەت قىلغان بولاتتى.

ۋ.گ.بېلىنىسكىي

ئەگەر ئاق سۆزلەر ئىز قالدۇرۇپ كېتىدىغان بولسا، ھەممىمىز سەتلىشىپ كەتكەن بولاتتۇق.

ۋ.شېكىسپېر

ھاياتنىڭ نوقۇل سەلبىي تەرەپلىرىنى تەسۋىرلەش تۆھمەت قىلىش دېگەنلىك ئەمەس، بۇ پەقەت بىر تەرەپلىمىلىككە بېرىلىش دېگەنلىكتۇر. تۆھمەت قىلىش بولسا، ھاياتتا مەۋجۇت بولمىغان نۇقسانلارنى، ئۇنىڭدا يوق داغلارنى، ئۇنىڭغا دۆڭگەشتىن ئىبارەت.

ۋ.گ.بېلىنىسكىي

بىزنى ياخشى چۈشەنمەي تۇرۇپ، بىزنىڭ ھەققىمىزدە يامان سۆزلەرنى قىلىدىغان ئادەملەردىن خاپا بولماسلىق كېرەك. ئۇنىڭ تۆھمەتلىرى بىزگە ئەمەس، ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرىدا تۇغۇلغان شەپىگە تەئەللۇقتۇر.

ج.لابرىيويېر

يالغان سۆزلەش باشقا گەپ. سۆزدە ئادىشىش (قەستەن ئادىشىش ئەمەس) نەتىجىسىدە ھەقىقەتتىن چەتنەش يەنە باشقا گەپ.

پ.ئابېليار

ياخشى كۆرۈش مەقسىتىدە جان كۆيدۈرۈپ ئېيتىلغان نەسىھەتنى ياۋۇز نىيەتلىك ياكى گۇناھ دەپ ھېسابلىماسلىق كېرەك.

پ.ئابېليار

ئادەملەر ئادەتتە بىرسىگە يامانلىقنى راۋا كۆرگەنلىكىدىنلا ئەمەس، بەلكى شۆھرەتپەرەس بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ غەيۋەت قىلىدۇ.

ف.لاروشفېك

ئەقىلسىز كىشىلەر ئۆز ئەقلىگە سىغمايدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى قارىلايدۇ.

ف.لاروشفېك

ئىستىبداتسىز ئادەملەر كۆپىنچە تەلىپى يۇقىرى تەنقىدچىلەر سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇلار ئىمكانىيىتى بار ئاددىي ئىش-لارنىمۇ بىر تەرەپ قىلالمايدۇ. نىمە قىلىش ۋە قانداق قىلىشنى بىلمىگەنلىكلىرى ئۈچۈن، باشقىلاردىن پۈتۈنلەي ئىمكانىيىتى بولمىغان ئىشلارنى تەلەپ قىلىدۇ.

ۋ.ئوكليوچېۋىسكي

ئەڭ نازۇك مىجەز كۆزەتكۈچىلىرى، ئەڭ چوڭقۇر مۇتەپەك-كۇرلار ھەر دائىم شەپقەتلىك دوختۇرلارغا ئوخشاش كېلىدۇ. ئۆز تەسەۋۋۇرىدىكى ئازابتىن جاپا چەككەن كىشىلا ئادەمنىڭ ياخشى پەزىلەتلىرىنى قەدىرسىز ھالەتتە كۆرسىتىپ، يامان پەزىلەتلىرىنى كۆپتۈرۈپ كۆرسىتىشكە ئامراقتۇر.

گ.باكل

تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزلەش ئەقىلسىز ئادەملەرنىڭ خۇ-سۇسىيىتىدۇر. ئىقتىدارلىق ئەقىل ئىگىلىرى مۇنداق ھادىسى-لەرگە قارشى ئېتىراز بىلدۈرىدۇ ياكى ئۈنچىقماي قويىدۇ. بۈيۈك كىشىلەر بولسا، ھېچكىمنى ئەيىبلىمەي، ئۆزلىرى ئىجاد قىلىدۇ.

گ.لىختېنبېرگ



كۆپ نەرسىنى بىلىدىغان كىشى خاتالىشىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۆز پىكرىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن بايان قىلىشنى بى-لىدۇ. يۈزەكى بىلىدىغان، ئۆزەمچىل كىشىلەر بولسا، ھەممە نەر-سىلەر ھەققىدە غەيرىي تەبىئىي بىر جاسارەت بىلەن ۋالاقلايدۇ.

ل.ن.تولستوي

پەمسىز كىشىلەر پەقەت ئادەملەرنىڭ كەمچىلىكلىرىنى كۆرىدۇ. پەزىلەتلىرىگە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. ئۇلار بەدەننىڭ ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇرغان، يارا بولغان قىسمىغا قونۇش ئۈچۈن ئۆرۈنۈۋاتقان پاشىغا ئوخشايدۇ.

ئابول فاراج

بىرەر نەرسىنى تەكشىلەپ تۇرۇپ، ئۇنى قانۇنىي رەۋىشتە ئىسپاتلاپ بېرەلمەسلىك تۆھمەت قىلىش دېمەكتۇر.

پ.بومارشى

بوھتان قىلىچتىنمۇ مۇدھىشراق قورالدۇر. چۈنكى، بوھتان يارىسىنى ئۆمۈر بويى داۋالىغىلى بولمايدۇ.

گ.فىلدىڭ

بوھتان مىلتىقتىنمۇ خەۋپلىك قورالدۇر.

ئا.گ.روبىنشتېين

تۆھمەت ئارقىلىق قانچىلىغان دوستلۇق رىشتىلىرى ئۈزۈلگەن، قانچىلىغان ئائىلىلەر خاراب بولغان؟!

لوكمان

غەيۋەت ئىسپاتلانمىغان ھالەتتىمۇ، بىر ئۆمۈر داغ قالدۇرىدۇ.

ئا.س.پۇشكىن

پىتنە ـ پاسات شۇنداق ئوڭاي نەرسىكى، بىرلا سۆز بىلەن ھەمىلە قىلىنىدۇ. مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن بولسا، قانچە ـ قانچە سەھىپىلەر كېرەك.

ژ.ژ.روسسو

بوھتان —ھەسەت قورالى.

س.سىگيۇر

ئادەتتە ياخشى مېۋىگە قۇرت چاپلاشقاندەك، بۆھتانمۇ ياخشى ئادەملەرگە چاپلىشىدۇ.

ژ.سۋىفت

ياخشىلار يېنىدىن ئۆتمەس ھېچقاچان،
دۈشمىنى چاپلىماي ئاڭا بىر بوھتان.

سەئدى

بوھتان ۋە يالغانچىلىق مىشچانلار سىياستىنىڭ قانۇنلاشتۇرۇلغان ئۇسۇلىدۇر. بۇ دۇنيادىكى بۈيۈك كىشىلەر ئارىسىدىن يالغان ياكى بوھتان پاتقىقى چاپلانمىغان بىرەرسى تېپىلارمىكىن؟

م.گوركىي

يۆگىمەچ يۆمەپ ئۆسىدۇ. ئۇ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، قويۇپ بېرىلسە ئۇ، ئۆز يولىدا ئۇچرىغان ھەممە نەرسىلەرنى بوغۇپ تاشلاشقا تەييار.

م.گوركىي



بوھتان ئاجايىپ خۇسۇسىيەتكە ئىگە نۇقساندۇر. سىز ئۇنى يوقىتىمەن دېگەنچە ئۇنىڭغا ھايات بەخش قىلغان بولىسىز. ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىڭ. ئۆزلۈكىدىن ئۆلۈپ تۈگەيدۇ.

ت.پېين

بوھتان غىڭىلداپ جانغا تېگىدىغان ھەرىگە ئوخشايدۇ. ئۇنى

ئۆز ئورنىدا ئۆلتۈرۈۋېتىشكە كۆزىڭىز يەتمىسە، ياخشىسى ئۇنى ھەيدىۋېتىشكە ئۇرۇنماڭ. بولمىسا يېنىپ كېلىپ سىزگە قاتتىق يېپىشىدۇ.

ن.شامفور

ئەقىللىق ۋە شۇنىڭ بىلەن ئەدەپلىك ئادەم ئۆز ۋىجدانى ئالدىدا ھالال بولۇش بىلەن بىر چاغدا، ئۆزگە ھۆرمەت نۇقتىئىنەزىرىدىن، بوھتانىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش مەقسىتىدە تېخىمۇ زېرەك بولۇش كېرەك.

ن.شامفور

بوھتانغا ئەڭ ياخشى جاۋاب — سۈكۈت بىلەن ئۇنىڭغا يىر-گىنىپ تۇرۇپ قاراشتۇر.

ف.ئېنگېلس

پۈتۈنلەي يالغان نەرسىلەرنى، ھەقىقەتنى بوياپ كۆرسىتىش-لەرنى قەتئىي رەت قىلىش كېرەك.

ئا.باربيوس

زېھىن ۋە ۋىجدان ھېچقاچان بوھتاننى كەچۈرمىگەن ۋە كە-چۈرمەيدۇ.



د.گالىفوكس

باشقىلارغا تۆھمەت قىلىپ كۈسۈرلايدىغان ئادەمنى ئۆيۈڭدىن ھەيدەپ چىقار.

فالېس

كىم تۆھمەتچىنى ئەيىبلىمەيدىكەن، ئۇ، تۆھمەتچىنى قوللى-
غان بولىدۇ.

سۇۋېتونىي

خاتالاشمىغان ئادەم دانا ئادەم ئەمەس، بۇنداق ئادەملەرمۇ يوق—
بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئانچە ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزمەيدىغان ۋە
ئۇنى دەرھال، چاپسان تۈزىتەلەيدىغان ئادەملەرلا دانا ئادەملەردۇر.
ۋ.ئى.لېنىن

ھېچقانداق ئەمەلىي ئىش قىلمايدىغان ئادەملا خاتا ئىش
قىلمايدۇ.

ۋ.ئى.لېنىن

ھېچقانداق ئىش قىلمايدىغان ئادەملا خاتالاشمايدۇ. ھالبۇكى،
ئۇنىڭ ئاساسىي خاتالىقىمۇ مۇشۇ.

ئا.ن.تولستوي

شۇنداق ئادەملەر باركى، ھېچقانداق ئەقەللىي پىكىرلەر بىلەن
شۇغۇللانمايدۇ ۋە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھېچقاچان ئاداشمايدۇ.

ئى.گېيوتى



خاتالىشىش ھەرخىل بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، توغرا يول
بىرلا، شۇڭا توغرا يولنى تېپىشقا قارىغاندا، خاتالىشىش ئاسان.
نىشانغا تېگىشكە قارىغاندا، تەگمەسلىك ئاسان.

ئارەستۇ

ئەڭ چوڭ خاتالىق ئادەم ھەممە نەرسىدە ئۆزىنى نۇقسانسىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

دەپ ھېسابلاشتۇر.

ت.كارلېيل

ئۆزىنى نۇقسانسىز دەپ ھېسابلاش ئېغىرىپ كېتىشنىڭ بىرىنچى دىنبىر يولىدۇر.

پ.بۇئاست

خاتالىشىشتىن قورقماڭ، ئۇلارسىز ياشىغىلى بولمايدۇ.

م.گوركىي

خاتالىقلار ئەقىل بېرىدۇ.

ل.ن.تولستوي

كىشىنىڭ خاتالىقى — باشقىلار ئۈچۈن ساۋاق.

ژ.رېي

كىشىنىڭ نۇقسانى ئۈچۈن ئۆزۈڭگە نەسىھەت قىلىشىڭ (مەن كۆپىنچە شۇنداق قىلىمەن) ناتوغرا بولغىنىدەك، ئۆز نۇقسانلىرىڭنى باشقىلاردا كۆرۈپ ئۇنى تەنقىد قىلىشىڭمۇ ئورۇنسىزدۇر. نۇقسانغا ھېچ يەردە ئورۇن قالدۇرماي، ھەمىشە ۋە ھەممە جايدا ئۇنى پاش قىلىشىڭ كېرەك.

م.مانتېنى



خاتالىقلىرىڭ ۋە ئاداشقان يوللىرىڭ ئۈچۈن ئەجەبلەنمە، ھەر قانداق نەرسە ساڭا ئۆز خاتالىقلىرىڭنى چۈشىنىپ يېتىشىڭدىن ئارتۇق ساۋاق بېرەلمەيدۇ. ئۆز ـ ئۆزىنى تەربىيىلەش دېگەن مانا شۇ.

ت.كارلېيل

دائىم خاتالىشىپ قېلىشتىن قورقۇپ، ئىپسەنكىرەپ يۈرۈش-نىڭ ئۆزىلا ھاياتتا يول قويۇشىڭىز مۇمكىن بولغان ئەڭ چوڭ خاتالىقتۇر.

ئە.خاببىرد

بۈگۈنكى كۈندىكى خاتالىقلارنى ئانالىز قىلىش ئارقىلىق، بۈگۈن ۋە ئەتە خاتالاشماسلىقنى ئۆگىنىمىز.

ۋ.ئى.لېنىن

كىم ئۆزلۈكسىز رەۋىشتە غەيرەت بىلەن ئالغا ئىنتىلىپ، ئۆز خاتالىقلىرىنى تۈگەتسە ۋە يېتەرسىزلىكلىرىنى يەڭسە، ئۇ شەخ-سىي كامالەتتە يۈكسەك چوققىلارنى ئىگىلىيەلەيدۇ.

ئە.تېلمان

تېخى ياش ئىكەنمىز، گاھ خاتالىقلاردىن، گاھ پايدىدىن خالىي ئەمەسمىز. پەقەت خاتالارنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ يۈرمىسەكلا بولىدى.

ئى.گيوتى

خاتالىقلارنى تەن ئالىدىكەنسەن، ئۇنى كەچۈرۈشكە بولىدۇ.

ف.لاروشفېك



ئادەم خاتالىششى مۇمكىن، خاتالىق مۇناپىقلىقا ئېلىپ بارمايدۇ. ھەققانىي ئىش بىرىنچىچە خاتالىق بىلەن تۈگىشىپمۇ كەتمەيدۇ. ھېچبولمىغاندا، تۈپ غايە ئۆز مۇستەھكەملىكى بويىچە ساقلىنىدۇ. مۇبادا بىرىنچى قەدەمدىن نەتىجە چىقمىسا، ئىككىنچى

قەدەمدىن چىقىدۇ.

ف.م.دوستويېۋىسكىي

ئۆز خاتالىقلىرىمىزنى تەن ئېلىشتىن چۆچۈمەسلىكىمىز، ئۇلارنى تۈزىتىش ئۈچۈن كۆپ قېتىملاپ، قايتا ـ قايتا ئەمگەك قىلىشتىن قورقماسلىقىمىز كېرەك. ئەنە شۇ چاغدا، بىز كامالەت چوققىسىنى ئىگىلەپ ئالالايمىز.

ۋ.ئى.لېنىن

ئۇلۇغ كىشىلەرمۇ خاتالىشىدۇ، ئۇلاردىن بەزىلىرى شۇنچىلىك كۆپ يېڭىلىدۇكى، ئۇلارنى ھەتتا ئادەتتىكى كىشىلەر قاتارىغا قوشۇۋەتكۈڭ كېلىدۇ.

گ.لىختېنبېرگ

گەپ ھېچقاچان خاتالاشماسلىقتا ئەمەس، بەلكى ئۇنى مەردلىك بىلەن تەن ئېلىپ، ئەقىل بىلەن ئىش كۆرۈشۈڭدىدۇر.

ۋ.گ.بېلىنسكىي

ئادەم قانچىلىك قۇدرەتلىك، ئەخلاقىي جەھەتتە قانچىلىك يۈكسەك بولسا، ئۆزىنىڭ زەئىپ تەرەپلىرى ۋە كەمچىلىكلىرىگىمۇ شۇنچىلىك جۈرئەت بىلەن قارىيالايدۇ.

ۋ.گ.بېلىنسكىي

خاتالىقلارنى تۈزىتىش ئورنىغا، ئەكسىچە تەلۋىلىك قىلىش ھەربىر كىشىنىڭ، جۈملىدىن پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئابرۇيىنى تۆكىدۇ.

پ.فرانكلىن



www.uyghurkitab.com

ساختا پەزىلەتلىك كىشىلەر ئۆز كەمچىلىكلىرىنى باشقى-لاردىنمۇ، ئۆزلىرىدىنمۇ يوشۇرىدۇ، ھەقىقىي پەزىلەتلىك ئادەملەر بولسا، ئۆز خاتالىقلىرىنى ياخشى بىلىدۇ ۋە ئۇلار ھەققىدە ئوچۇق-تىن ـ ئوچۇق سۆزلەۋېرىدۇ.

ف.لاروشفېك

ئادەمنىڭ زېرەكلىكى ھېچقاچان خاتالاشماسلىقتا ئەمەس، بەلكى خاتالىقلارنى تەكرارلىماسلىقتا.

ك.بائوۋى

تۈزەتكىلى بولمايدىغان ئۇششاق خاتالىقلاردىن چوڭ ـ چوڭ ئىللەتلەرگە ئۆتۈش كېلىپ چىقىدۇ.

سېنېكا

ئىنسان ئۆزىنى ساختا پەرداز بىلەن بوياپ كۆرسەتمىسىلا، ئۆز كۈچىگە ئىشىنەلەيدۇ.

پ.ئا.پاۋلېنكوف

كىم ئۆز كەمچىلىكلىرىنى تەن ئېلىشتىن نومۇس قىلسا، ئۇ بارغانسېرى تېخىمۇ نومۇسسىزلارچە، چوڭ گۇناھ ھېسابلىنىدىغان قەبىھلىكلىرىنىمۇ ئاقلاشقا باشلايدۇ.

ك.س.سكوۋورودا



ئەگەر ئادەم ئوخشاش بىر خاتالىقنى ئىككى قېتىم تەكرارلى-سا، ئۇ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ يا تۇتۇرۇقسىزلىقىنى تەن ئېلىشى، ياكى قاراملىقىنى تەن ئېلىشى كېرەك.

ج.لودمېر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

شۇنى ئەستە تۇتكى، پىكرىڭنى ئۆزگەرتىپ، خاتالىقىڭنى تۇزىتىش يولىغا كىرىشىشىڭ، ئۆز خاتالىقىڭغا يېپىشىپ ئالغىنىڭغا قارىغاندا، ساڭا كۆپرەك ئەركىنلىك بېرىدۇ.

م.ئاۋرېلىي

ھەممە ئادەملەر يېڭىلىدۇ. لېكىن، بۇيۇك ئادەملەرلا يېڭىلگەنلىكىنى تەن ئالىدۇ.

ب.فانتېنېل

ئىشنى تۈزەتكىلى بولمايدىغان دەرىجىگە ئېلىپ بېرىشتىن، خاتالىقنى تەن ئېلىش خېلى ئالىيجانابلىقتۇر.

ل.ن.تولستوي

... ئەگەر خاتالىقتا چىڭ تۇرىۋېلىنسا، ھەتتا ئۇنىڭ «توغرىلىقى»نى ئاساسلاپ بېرىشكە كۆچىسە، ئۇنى «ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرسا»، كىچىككىنە خاتالىقلاردىنمۇ چوڭ خاتالىقلار كېلىپ چىقىشى مۇمكىن.

ۋ.ئى.لېنىن



بىزدىكى ھەرقانداق نۇقسانلارنى ئەيىپ قىلىشقا بولسىمۇ، لېكىن شۇ نۇقسانلارنى يوشۇرۇش ئۈچۈن قىلىنغان نەيرەڭلەرنى ئەيىپ قىلىشقا بولمايدۇ.

ف.لاروشفېك

باشقىلارنى ئالداش ئىشنى چىگىشلەشتۇرىدۇ ۋە بىر قارارغا كېلىشنى قىيىنلاشتۇرىدۇ. لېكىن «ھەقىقەت» دەپ باھانە

قىلىنغان ئىنسان كۆڭلىدىكى يالغانچىلىق بولسا، ئادەمنى ئۆ-مۈرۋايەت نابۇت قىلىدۇ.
ل.ن.تولستوي

ئىنسان ئۈچۈن بىر زالىم بار، ئۇ بولسىمۇ جاھالەتتۇر.
ۋ. ھيۇگو

جاھىللىقتىنمۇ ئارتۇق بەختسىزلىك يوق.
ئە. نەۋائى

ئىنسانىيەتنىڭ بىرلا كۈلپىتى بار، ئۇ — جاھالەتتۇر. بۇ خىل كۈلپەتنىڭ بىردىنبىر داۋاسى — ئىلىمدۇر
د. ئى. پىسارېف

خەلق بەختسىزلىكلىرى تارىخنى تەتقىق قىلغۇچى ھەرقانداق ئادەم، بۇ كۈلپەتلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى يەر يۈزىگە جاھالەتنىڭ ئېلىپ كەلگىنىگە ئىشەنچ ھاسىل قىلىشى مۇمكىن.
گ. گېلۋېتسىي

جاھالەت ھامىيلىرى ئەسلىدە ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىرىدۇر.
گ. گېلۋېتسىي



جاھالەت شۇنداق بىر ياۋۇز كۈچكى، ئۇنىڭ ھازىرمۇ كۆپلىگەن پاجىئەتلەرنىڭ سەۋەبچىسى بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمىز.
ماركس

ئۈزلۈكسىز جاھىللىقتىنمۇ دەھشەتلىك نەرسە يوق.
ئى. گيوتى

جاھالەتنىڭ ئۈچ خىل تۈرى بار: ئومۇمەن ھېچ نەرسە بىلمەسلىك، بىلگەن نەرسىلىرىنىمۇ چالا - بۇلا بىلىش، كېيىنكىسى نەرسىلەرنى بىلىش.

ش. ديوكلو

جاھالەت ئەقىل ۋە تۇيغۇلار جەھەتتىكى مەجرۇھلۇقتۇر. ھازىر ئۇ بىر خىل ئەخلاقىي ئىللەتكە ئايلانماقتا.

ۋ. ئا. سۇخوملىنسكىي

كىشىلەر قانچە ئاز نەرسىنى بىلسە، ئۇلارنىڭ بىلگەنلىرى ئۆزى ئۇچۇن شۇنچە كەڭ بىلىنىدۇ.

ژ. ژ. روسسو

جاھالەتنىڭ ھەممە ۋاقىت بىلىمگە زىت بولغان دەۋاسى كۆپ بولىدۇ. ھەقىقەتەن پەقەت تۇزكور كىشىلەرلا پەن ئۇنداق ياكى مۇنداق بىرەر مەسىلىنى ھەل قىلىشقا قادىر بولمىغان دەپ ئىشەنچ بىلەن دەۋا قىلىدۇ.

چ. دارۋىن

نەدە ئېنىق بىلىم بولمىسا، شۇ يەردە پەرەزلەر ھۆكۈم سۈرىدۇ. بۇنداق پەرەزلەردىن ھەر ئۇنىنىڭ توققۇزى خاتا.

م. گوركىي

جاھالەت، نادانلىق، قوپاللىق بىلەن توقۇنۇشتىڭمۇ، ھېرىش ۋە دەم ئېلىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئويلىماي، ئۇلارغا ھۇجۇم قىل. ھاياتلا بولىدىكەنسەن، ئۇلارغا زەربە ئۈستىگە زەربە بەر.

ت. كارلېيل

ئىنسان ئەقىل ـ ئىدراكىنى كىشىلەردىن ئازاد قىلغانلارلا ھەقىقىي كىشىلەردۇر.

م. گوركىي

جاھالەت زېھنىنىڭ زۇلمىتى، ئايسىز ۋە يۇلتۇزسىز زۇلمەتتۇر.

تىستېسرون

جاھالەت —زۇلمەتتۇر. ئۇنىڭدا ياۋۇزلۇق ھۆكۈم سۈرىدۇ.

ۋ. ھيۇگو

ھەۋەسلىرىمىز ۋە نادانلىقىمىز تۈپەيلىدىن سىنالغان مۇلاھىزىلەردىنمۇ ئارتۇق ساختا مۇلاھىزىلەر بولماسلىقى مۇمكىن.

ك. گېلۋېتسي

تولۇق بىلىمسىزلىك، تولۇق پەمسىزلىككە ئېلىپ بارىدۇ.

ك. گېلۋېتسي

جاھالەت ئىسكەنجىسىدە قالغان زېھىن ئوزۇق يېتىشمەسلىكتىن قورقۇپ كېتىدۇ.



ك. گېلۋېتسي

جاھالەت ئادەمنى دۇنياغا پەرقسىز قىلىپ قويىدۇ. بىپەرۋالىق بولسا، ئاستا ـ ئاستا، چېكىنمەستىن، خۇددى راك ئۆسمىسىدەك ئۆسۈۋېرىدۇ.

ك. گ. پائۇستوۋىسكىي

جاھالەت شۇبھە ۋە گۇمانلارنىڭ بۇلىقىدۇر.

ئو. ۋولتېر

خۇراپات ــــ جاھالەت مېۋىسىدۇر.

ئو گېرزلېتت

ئەخمەق، چۈپەي ئادەملەرنى ھاكىمىيەت پەرمانلىرىمۇ، ئەدەبىي تەلىم ـ تەربىيىلەرمۇ يوقىتىپ بولالمايدۇ.

د. ئى. پىسارېف

ئەقىل بىلەن تۈزىتىش مۇمكىن بولمىغان تەلۋىلىكمۇ يوق ۋە تەلۋىلىك بىلەن ئاينىتىش مۇمكىن بولمىغان ئەقىلمۇ يوق.

ئى. گيوتى

تەلۋىلىكنىڭ سان ـ ساناقسىز، ئۇنىڭ يوشۇرۇنىدىغان ئۇۋۇدىلىرىمۇ كۆپ. ھەتتا ئەڭ ئەقىللىق ئادەملەرنىڭ مېڭىسىدىمۇ تەلۋىلىك ئۈچۈن ئورۇن بېرىپ قويۇلغان.

د. ئى. پىسارېف

جاھىلنى جاھىللىقتىن ساقلاشقا قارىغاندا، بارلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى جاھىللىقتىن ساقلاش ئاسانراقتۇر.

قابۇس

ئەخمەقلەر بىر نۇقساندىن قۇتۇلىمەن دەپ باشقىسىغا چېتىلىپ قالىدۇ.

گوراتسىي

كىمىكى ئەقىلسىز بولسا، ئۇ ئادەم ئەمەس، ھايۋان.

سانائى

ئەخمەقلىق شۇنچىلىك تېگى يوق جەننەمكى، ئۇنى ئاخىرد-غىچە بىلگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن ھېچبىر ئەكس سادامۇ چىق-مايدۇ. ئۇ ھەممە نەرسىلەرنى نام ـ نىشانسىز يۇتۇۋېرىدۇ.

ئو. بالزاك

كىمىكى ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئەجدادلىرىنىڭ خىزمەتلىرى بىلەن پەردازلاشقا ئۇرۇنىدىكەن، ئۇ ئەخمەقتۇر.

ھ. ھېينى

نازاكەت تېخى دانالىقنىڭ بەلگىسى ئەمەس، ئەخمەقلەر، ھەتتا ئەقىلدىن ئازغانلارمۇ ھەيران قالارلىق دەرىجىدە نازاكەتلىك بولىدۇ.

ئا. س. پۇشكىن

شۇنداق كىشىلەر باركى، ئىقابىلىنىپ قىلىنغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى «ئاقىلانىلىك» دەپ ھېسابلاۋېرىدۇ.

گ. لىختېنبېرگ

يىراقنى كۆرەلمەسلىكنى خاتىرىسىنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىغا دۆڭگىمەسلىك كېرەك.



ك. گېلۋېتسي

ھاياتتا شۇنداق تاسادىپىي ھادىسىلەر بولىدۇكى، ئۇنىڭدىن پەقەت تەلۋىلىكلا قۇتۇلدۇرۇشى مۇمكىن.

ف. لاروشفېك

بىلمىگەن ئەمەس، بىلىشنى خالىمىغان ئەخمەق.

گ. س. سكوۋورودا

ئادەتتە كىمنىڭ يەمى ئاجىز بولىدىكەن. ئۇ كۆپ نەرسىنى بىلىمەن دەپ ئويلايدۇ. پۈتۈنلەي پاراسەتسىزلەر بولسا، ھەممە نەرسىنى بىلىمەن دەپ ئويلايدۇ.

ج. برونو

ئەقىللىق ئادەم كۆز ئالدىدا چەكسىز ئىمكانىيەتلەر ئالەمى تۇرغانلىقىنى كۆرەلەيدۇ. ئەخمەق بولسا، پەقەت كۆزى كۆرگەنلا ئىمكانىيەت دەپ ھېسابلايدۇ.

د. دىدېرو

ئەخمەق پەقەت سادىر بولغان ھادىسىنىلا چۈشىنىدۇ.

ھومېر

خاتىرىسى ساق بولغان ئەخمەقلەر پىكىر ۋە پاكىتلارغا باي بولىدۇ. گەپ شۇ يەردىكى، ئۇلار بۇ پىكىر ۋە پاكىتلاردىن خۇلاسە ۋە نەتىجىلەرنى چىقىرالمايدۇ.

ل. ۋوۋېنارگ

ئەخمەقلىق — مۆرىمەس ۋە مەمەدانلىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ.

ئو. بالزاك

سېخىي ئادەملەرگە قارىغاندا، ئەخمەقلەرنىڭ سوئالى كۆپ بولىدۇ.

م. گوركىي

ئەخمەقلەر ھەممىدىن كۆپرەك دانىشمەنلىك، مۇتتەھەملىك ۋە ساخاۋەت ھەققىدە گەپ ساتىدۇ.

پ. ئېرنىست

ئۇچىغا چىققان ئەخمەق ھەرگىزمۇ ئېغىز ئاچمايدىغان ئەخ-مەقتۇر. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇ مەمەدانە ئەخمەقتىن ياخشىراق.

ج. لابريويېر

ئەگەر ئەخمەق ئەخمىقانە سۆزلەرنى ئېيتىشتىن قورقاندا ئىدى، ئۇ ئەخمەق بولمىغان بولاتتى.

ج. لابريويېر

ئۇنچىقماسلىق ئەخمەقنىڭ پەزىلىتىدۇر.

ف. بېكون

ئاقىل ئادەم ئۆزىنىڭ ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ۋەز ئېيتىشى كېرەك. ئەخمەق بولسا، تىلىنى يىغسىلا كۇپايە، ھەممە ئادەم ئۇنى ئەقىللىق ھېسابلايدۇ.

م. سافىر



نادانىنىڭ ئىدراكى — ئۈنچىقماسلىقتا. ئەگەر نادان بۇنى چۈ-شىنىپ يەتسە، بۇ ئۇنىڭ يېرىم دانا بولغىنى.

سەئدى

توساتتىن مېڭىسىگە توغرا پىكىر كېلىپ قالغان ئەخمەق، ھارۋىكەشنىڭ پوپوزىسىدىن قورقۇپ كەتكەن ئاتقا ئوخشاش

www.uyghurkitap.com

كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدۇ ۋە خاتىرجەمسىزلەندۈرىدۇ.

ن. شامفور

ئۆزىنى ئەقىللىق كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغان ئەخمەقتىنمۇ خە-
تەرلىك ئادەم يوق.

ئى. گيوتى

تەلۋىلەر تارتىنىشنى بىلمەيدۇ.

ژ. ژ. روسسو

تەلۋىلەر ئۆز ئارزۇسىغا يەتكەندىن كېيىنمۇ بەرىبىر مەمنۇن بولمايدۇ.

تىستىپسرون

ئۆزىنىڭ ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى كۆز - كۆز قىلماسلىق ئۈچۈنمۇ ناھايىتى زور دەرىجىدە ئەقىللىق بولۇش كېرەك.

ف. لاروشفېك

تىرىشىپ، زورۇقۇپ ئۆزىنى ئەقىللىق كۆرسىتىشكە ئۇرۇ-
نۇش ئاقىل بولۇش ئۈچۈن چوڭ توسالغۇدۇر.

ف. لاروشفېك

ئەخمەقلەرنى ماختىغان ئادەم ئۇلارغا قاتتىق زىيان سالغان ھېسابلىنىدۇ.

دېموكرىت

تەنتەكنى كەچۈرۈش ئەقىللىق كىشىلەرگە خاس خىسلەتتۇر.

ئەبۇل فەراج

ئۆز ئەخمەقلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن ئەخمەق ئەخمەق ئەمەس.
پ. م. دوستويېۋىسكىي

ئۇلۇغ ئادەم ئۆز زامانىسىدىن ئۇزۇپ كېتىدۇ. ئەقىللىق ئادەم ھەرقانداق شارائىتتا ئۆز زامانىسى بىلەن تەڭ قەدەم ئالىدۇ. ھەييار ئادەم پايدىلىنىۋېلىشقا ئۇرۇنىدۇ. تەنتەك كىشى زامانىنىڭ يولىدا توغرىسىغا يېتىۋالىدۇ.
ئە. بائۇئېرنفېلد

ئاقىلنىڭ چوڭ بىر ئاجىزلىقى ئەقىل كۆچىگە ئىشەنمەسلىكتە.
ۋ. گ. بېلىنىسكىي

يېرىم ـ يارتا كىشى ئادەتتە ئۆز چۈشەنچىسىگە سىغمىغان بارلىق نەرسىنى قارىلاۋېرىدۇ.
ف. لاروشفېك

ھەقىقىي ئۇلۇغ ئىنساننى، ئۇ مەيدانغا چىققان ھامان يىراقنى كۆرمەيدىغانلارنىڭ ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۇنىڭغا قارشى تۇرغانلىقىدىنمۇ بىلىشكە بولىدۇ.
ر. ئېمېرسون



يېرىم ـ يارتا كىشىلەرلا ئۆزلىرىدىن يۇقىرى كىشىلەرگە قارشى رەھىمسىز ۋە ئۇزلۇكسىز كۆرەش ئېلىپ بارىدۇ.
ئو. بالزاك

بەزى ئادەملەر، ئۆزلىرى نېمىگە قابىلىيەتسىز بولسا شۇنى

ئەيىبلەشكە ئادەتلەنگەن.

ئى. گېوتې

نادانلىقى ئۈچۈنمۇ، ئىنسان ئۆزى بىلمىگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىمەنىلىك دەپ ھېسابلاپ، كۆڭلىگە تەسەللى بېرىدۇ.

د. ئى. فونۋىزىن

ئەقىلنى پەقەت دەپسەندە قىلىشقا بولمىغانلىقى ئۈچۈنلا تە-قىب قىلىش، ئۆچ ئېلىش قوللىنىلىدۇ.

پ. بومارشې

بارلىق يىراقنى كۆرەلمىگۈچى ئادەملەرلا كۈچلۈك ۋە كې-لىشكەن ئەقىل ئىگىلىرىنى دائىم بەدنام بىلەن قارىلاشقا ئۇرۇنىدۇ.

ك. گېلۋېتسىي

بىرەر نەرسىنىڭ مەنىسىگە يەتمەي تۇرۇپ، ئۇنى چۈشەنمەي تۇرۇپ تىللىغىنىڭ چالا ساۋاتلىقىڭنىڭ ئالامىتىدۇر.

ۋ. گ. بېلىنسكىي

بەزى كىشىلەر ئۇچرىغانلىكى كىشىلەرنى «ئەخمەق» دەپ تىللاش ئارقىلىق، ئۆزى ئەقىللىق دېگەن نامنى ئالىمەن دەپ ئوي-لايدۇ.

ۋ. ئى. كلىوچېۋسكىي

ھەقىقىي ئەقىل ۋە پەن ساھىبىنىڭ،
ئەڭ ياۋۇز دۈشمىنى جاھىل ئادەمدۇر.

لوپې دې ۋېگا

ئەخمەقلىق — ھەقىقىي ئەخمەقلىق بولغىنى ئۈچۈنمۇ ئەـ قىلدىن قورقىدۇ.

ئى. گيوتى

ئەخمەقلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى — ئەقىللىق ئادەملەر ئۈستىدىن كۈلۈشتۇر.

ج. لابريوييېر

ئەقىللىق كىشىلەرنى زاڭلىق قىلىش تەلۋىلەرگە خاس ئىش.

ئا. لامارتىن

بارلىق ئەخمەق كىشىلەر ھەربىر كىشى ئۈستىدىن كۈلۈشكە ئالدىرايدۇ.

ئا. پوپ

نېمە ئۈچۈن بىر ئاقساق ئادەمدىن غەزەپلەنمەي، ئەقلى ئاجىز ـ دىن غەزەپلىنىمىز؟ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئاقساق ئادەم بىزنىڭ توغرا مېڭىۋاتقىنىمىزنى بىلىدۇ. ئەقلى ئاجىز بولسا ئۆزىنى توغرا، بىزنى ئاقساپ مېڭىۋاتىدۇ دەپ ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنىدۇ.

ب. پاسكال



ئەگەر ئاقىل كىشى نادانلارنىڭ پىتنە ـ پاساتلىرىغا ئۇچرايـ دىكەن، ئۇلاردىن ئىززەت ـ ئىكرام كۈتمىسۇن. ئەگەر نادانلار بىمەنە سۆزلەر بىلەن ئاقىلنى «يەڭسە» بۇنىڭمۇ ھېچقانداق ئەجەبلىنىدـ غان يېرى يوق. چۈنكى ياقۇتنى تاشمۇ سۇندۇرىدىغۇ.

سەئدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

ئەگەر ئاقىل كىشى تەربىيە كۆرمىگەنلەر ئىچىدە سۆزلەش ئىمكانىيىتى تاپالمىسا، ئۇنىڭدىنمۇ ئەجەبلەنمە. چۈنكى، ئۇنىڭ يېقىملىق ئاۋازى قوپال ۋارقىراش - جارقىراشلار ئىچىدە بېسىلىپ قالىدۇ. ئەنبەرنىڭ خۇش پۇرىقى ئەمەننىڭ بەتبۇي ھىدى ئاستىدا يوقاپ كېتىدىغۇ؟

سەئدى

ئەخمەقنىڭ سۆزلىرى ھەرقانچە بىمەنە بولغان بىلەن، گاھىدا ئەقىللىق ئادەمنىمۇ تەمتىرىتىپ قويىدۇ.

ن. ۋ. گوگول

تەلۋە ئادەملەر ھەممە ۋاقىت بىر خىل، يېقىن كىشىنى ھا-قارەتلەش ۋە ئۇنىڭغا بوھتان چاپلاشنى زۆرۈر تاپقان ھامان، ئۇلار خالىغانچە سۆزلەۋېرىدۇ.

گ. فىلدىڭ

بىلگىنكى، ئەخمەقلەرگە بېرىلىدىغان ياخشى جاۋاب — سۈ-كۈت.

قابۇس

ھەسەت قەلبىمىزنى يارا قىلىدىغان مۇدھىش ئۇغىدۇر.

ف. فىلدىڭ

پەقەت ھەسەت ۋە قورققاقلىق تۇيغۇلىرىلا ئادەمگە ھۇزۇر بې-غىشلىيالمايدۇ.

ژ. كالىنز

ھېس - تۇيغۇلارنىڭ ئەڭ يىرگىنچلىكى — ھەسەت... خا-
ئىنلىق ۋە پىتنە - پاساتلار ھەسەت بايرىقى ئاستىدا كۈن كۆرىدۇ.
ك. گېلۋېتسي

ھەقىقىي ياخشىلىقنىڭ ئېسىل بەلگىسى تۇغۇلۇشىدىنلا
ھەسەت يولىغا كىرمەسلىك.
ف. لاروشفېك

ۋىجدانى پاك ئادەم ھېچنېمىگە ھەسەت قىلمايدۇ.
م. گوركىي

كىشىلەر ھالاۋىتىگە ھەسەتتەك زىيان سالىدىغان باشقا ئىل-
لەت يوق. چۈنكى بۇ ئىللەتكە ئۇچرىغانلار ئۆزلىرىنىمۇ ئازابلايدۇ.
باشقىلارنىڭ خۇشاللىقىغىمۇ زەخمەت يەتكۈزىدۇ.
ر. دېكارت

ئادەملەر ئادەتتە ئۆزلىرىگە نېسىپ قىلىنغىنىدىن راھەتلەن-
مەي، نېسىپ قىلىنمىغان نەرسىلەر توغرىسىدا ئاھ ئۇرىدۇ.
ۋ. گ. بېلىنسكي

ئەگەر بىز پەقەت ئۆزىمىزدە بارنى كۆرۈپ، ئۆزىمىزدە يوق
نەرسىگە ئېتىبار قىلمىساق، ئازراق نەرسىمۇ بىزنى قاندۇرىدۇ.
ب. جونسون

ھەسەتخور يا ئۆزى بەختسىزلىككە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، يا-
كى باشقىلارنىڭ ئامەتى كەلگەنلىكى ئۈچۈن خامۇش يۈرىدۇ.
بىئون

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەسەتخورلار دائىم نېمە ئۈچۈندۇر خاپا يۈرۈشىدۇ؛ چۈنكى ئۇلارنى ئۆز شەخسىي مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكلىرىمۇ، باشقىلارنىڭ ئۇتۇقىمۇ ئازابلايدۇ.

ئەبۇل فاراج

كىمىكى سۆرەلمىلىك ۋە شۆھرەتپەرەسلىك بىلەن ھەممە نەرسىگە بىر يولىلا ئىگە بولۇشنى خالىسا، سۆزسىز ئۇ ھەسەتخوردۇر.

ف. بېكون

مۇھەببەت تېلېسكوپ ئارقىلىق، ھەسەت بولسا مىكروسكوپ بىلەن قارايدۇ.

گ. شوئۇ

باشقىلارنىڭكىگە ھەسەت قىلساڭ، ئۆزۈڭنىڭكىدىن ئايرىلىسەن.

فېدر

ھەسەت ئەڭ ئېغىر يامانلىق، دوستۇڭنىڭ ئىشى يۈرۈشسە، ھەسەت قىلما. خۇشال بول، شۇنىڭ بىلەن، يەنە ئۇنىڭ ئامىتىگە خۇشال بولۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كېتىشكە ھەرىكەت قىل.

ۋ. ئا. سۇخوملىنسكىي

ئازاب چېكىشنى خالىمىساڭ، ھەسەتخور بولما،
ئۇنتۇماڭكى، ھەسەتتىن ئىدراكمۇ بولار كاسات.

ئا. جامىي

ھەسەت —قەلب ئوغىسى.

ف. ۋولتېر

ھەسەتخور ھېچقاچان خۇشاللىقنى بىلمەيدۇ.

ف. بېكون

ھەسەت ئادەملەر ئارىسىدا ئىناقسىزلىق تېرىيدۇ.

دېموكرىت

ھەسەت ئەڭ يۈكسەك پەزىلەتلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، پەقەت ئوتتۇراھال نەرسىلەرنىلا ئايايدۇ.

گ. لېۋس

بۇ دۇنيادا كىم ھەسەتخورلاردىن قۇتۇلالىغان؟ كىمكى ئۆز ۋەتەنداشلىرى نەزىرىدە يۈقىرى يۈكسەكلىكتە تۇرسا، شۇنچىلىك چوڭ ئورۇننى ئىگىلىسە، ئۇ شۇنچە تېز ھەسەتخورلارغا نىشان بولىدۇ؛ ئۇنىڭ يۈزىگە قانچىلىغان بوھتانلار ئوكيانى چېچىلىدۇ.

ژ. ئامارۇ

ھەسەت دەلىل - ئىسپاتسىز ئەيىبلەپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ، نۇقسانلارنى كۆپەيتىدۇ، قىلدەك خاتانى داغدۇغىغا ئايلاندۇرىدۇ؛ ئۇنىڭ تىلى سەپراغا ئوخشاپ، مۇبالىغە ۋە ناھەقچىلىققا تولۇپ تاشقان بولىدۇ.

ل. ۋوۋېنارگ

نەپرەت ئۇچىغا چىققان نارازىلىق تۇيغۇسىدۇر؛ ھەسەت بولسا خېلى سۇس تۇيغۇ، شۇ سەۋەبتىنمۇ ھەسەتنىڭ بىردىنلا نەپرەتكە

www.uyghurkitap.com

ئايلىنىشىغا ھەيران قالمىسىمۇ بولىدۇ.

ئى. گيوتې

ھەسەتخورنى ھېچ نەرسە خاتىرجەم قىلالمايدۇ.

ل. ۋاۋېنارگ

ھەسەتخورلار ئۆلىدۇ ـ يۇ، ھەسەت بولسا ھېچقاچان ئۆلمەيدۇ.

ژ. مالېر

چەتنەپ ئۆتكەن ھەسەتخورنى كۆرسەڭ،
نەيزىسى ھېچ ئۇنىڭ بولماس بىزەھەر.

مەختۇمقۇلى

ھەسەتخورنىڭ خاتىرىسى — ئاداۋەتلەرنى ئېسىپ قويۇش ئۇ-چۇن، تارتىپ قويۇلغان ئۇزۇن داردىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ژ. فوستېر

ھەسەتخور —بەختلىك كىشىلەرنىڭ دۈشمىنى.

ئېپكتېت

ھەسەتخورلارنى ئازابلاشنىڭ يولى روھلۇق يۈرۈش.

دىئوگېن

مېنىڭ دۈشمەنلىرىمگە ھەۋەس قىلغىنىمغا قارىغاندا، دۈش-مەنلىرىمنىڭ ماڭا ھەسەت قىلغىنى ياخشى.

پلاۋت

بىرسىنىڭ ساڭا ئېچىنغىنىدىن ھەسەت قىلغىنى ياخشى.

گېرببوت

ھېچكىمنىڭ ھەۋىسى كەلمىگەن ئادەمنىڭ ھالىغا ۋاي.

ئېسخىل

ئۆز ھەسەتخورلىرىنىڭ ماختىشىغا ئىگە بولغان ئادەملا ھەقىقىي گۈزەل خىسلەتلەرگە ئىگە.

ف. لاروشفېك

پۇل ھەممىگە قادىر، دەيدىغان ئادەم، پۇل ئۈچۈن ھەممە نەرسىنى قىلىشتىنمۇ يانمايدۇ.

پ. بائوست

ئاداۋەت ئادەملەردىن ئەڭ مۇقەددەس تۇيغۇلارنى — ۋەتەنگە مۇھەببەت، ئائىلىگە مۇھەببەت، ياخشىلىق ۋە پاكلىققا مۇھەببەتنىمۇ تارتىۋالىدۇ.

سالليۇستىي

ئاداۋەت بەكمۇ زىيانلىق، ئاداۋەتچى ئادەم ھەققانىيمۇ، پرىنسىپالمۇ، مەردمۇ، مەجبۇرىيەتكە سادىقمۇ بولالمايدۇ. كىچىككىدىن خالىس ياشاشقا ئۆگەن.

ۋ. ئا. سۇخوملىنسكىي

ئاچ كۆزلۈك قىلىپ يۈزىگە قارا سۈرتىدىغان، تەمەگەر بولغان ئادەم يۈزە ئويلايدىغان ئادەم.

س. رۇستاۋېلى

پۇلغا ئاچ كۆزلۈك موھتاجلىقتىنمۇ يامانراق، چۈنكى بۇ خاھىش قانچىلىك ئاشقانسېرى ئېھتىياجمۇ شۇنچىلىك ئېشىۋېرىدۇ.

دېموكرىت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېشقەدەم ئادرېسى

ئاچ كۆز دائىما ئاچ.

ف. پېتراركا

ئازغا قانائەت قىلغان — باي.

ك. گولدانى

پۇلغا موھتاج بولماسلىقنىڭ ئاددىي يولى — كېرەك بولغىنىدىن كۆپ ئالماي، باردىنمۇ ئازراق پايدىلىنىپ ياشاش.

ۋ. ئو. كلىيۇچېۋسكى

ئەڭ كاتتا بايلىق — ئاچ كۆز بولماسلىق.

سېنېكا

قىزغانچۇقلۇق قەلبىنى قۇرۇتىدۇ.

ئا. ديۇما

سېخىي دېمە ساخاۋەتكە،
بىرەر تەلەپ قويسا گەر ئادەم.
سېخىيلىقمەس، بۇ سودىگەرلىك.
بۇندا يوقتۇر شەپقەت ۋە كەرەم.
خەسىسلىك قانچە كۈچلۈك بولسا، رەھىم - شەپقەت شۇنچىلىك ئاجىز بولىدۇ.

ف. پېتراركا

خەسىسلىك پەقەت ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈشكىلا پايدىلىق.

سېنېكا

ئىقتىسادچىل ئادەم ھەممىدىن باي، قىزغانچۇق بولسا، ھەممىدىن كەمبەغەل.
ن. شامفور

ئىقتىسادچىللىق —پاراۋانلىقنىڭ مۇھىم بەلگىسى.
تىستېسرون

ئىقتىسادچىللىقنى دانالىقنىڭ قىزى، قانائەتنىڭ سىڭلىسى، ئەركىنلىكنىڭ ئانىسى، دەپ ھېسابلاش مۇمكىن.
س. سمايلىس

قورقۇتۇش تۇيغۇسى، ئېھتىمال، ئىنسان تەبىئىتىگە خاس ھەممە نېرۋا سەزگۈلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئېغىرراقى بولسا كېرەك.
د. ئى. پىسارېف

دائىم ۋەھىمىدە تىترەپ تۇرساڭ، ھېچقاچان بەختلىك ياشىيالمايسەن.
پ. گولباخ

قورققاقلار قەلبىدە بەختكە ئورۇن قالمايدۇ.
م. سېرۋانتېس



قورقۇش ئىنسان تۇيغۇلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئازابلىقى.
ك. د. ئۇشىنسكي

ئەڭ تۆۋەن تۇيغۇلار ئىچىدىكى ئەڭ تۆۋىنى — قورقۇش.
ۋ. شېكسپېر

قورقۇش خەۋپى خەۋپىنىڭ ئۆزىدىن مىڭ ھەسسە قورقۇنچلۇق.

د. دېفو

دائىم قورقۇپ يۈرگەندىن، دەھشەتلىك ئۆلۈم ياخشى.

ف. شىللېر

ھەرقانداق غەم ـ ئەلەممۇ قورققاقلىقنىڭ ئالدىدا ھېچ نەرسە يوق.

ئى. تسشوككې

قورقۇش ئىرادە ئاجىزلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

پ. سپىنوزا

قورقۇش ناھەقچىلىقنىڭ دائىمىي يولدىشىدۇر.

ۋ. شېكسپىر

قورقۇش گاھىدا ئاياغقا قانات بېرىدۇ، گاھىدا ئۇنى يەرگە مىخلاپ قويىدۇ.

م. مانتېن

شەخسىي ئاجىزلىق تۇيغۇسى ئەڭ يېقىمسىز تۇيغۇ.

ت. كارلېيل

قورقۇنچاقلىق شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ غايەت زىيانلىقكى، ئۇ ئىرادىنى پايدىلىق ئىشلاردىن چەتكە تارتىدۇ.

ر. دېكارت

كېسەل ۋۇجۇد ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى بوشاشقاندەك، قور-قۇنچاق يۈرەكتىمۇ غەيرەت تۈگەيدۇ.
ئا. گابرېلى

قورقۇنچاق ئادەم باشقا ھەرقانداق ئادەمدىن خەۋپلىك، ئۇنىڭدىن كۆپرەك قورقۇش كېرەك.
ل. بېرنې

كىمكى ئازابتىن قورقسا، ئۇ ئەبەدىي قورقۇشتىن ئازاب چې-كىدۇ.
م. مانتېن

كىمكى تەبىئىي قورققاق بولسا ئۆزى بىرەر جاسارەت كۆر-سىتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا يولداشلىرىنىمۇ ۋەھىمىگە سالىدۇ.
توماس مور

بىزنىڭ مەملىكىتىمىزدە قورقۇنچاق نەپرەتلىك مەخلۇق... قورقۇنچاق —بۇگۇنكى ساتقىن، سۆزسىز ئۇ كۇرەشلەردىمۇ خا-ئىن.
ن. ئا. ئوستروۋسكي

بىر قېتىم قورقۇنچاقلىق قىلغان ئادەم كېيىنكى قېتىممۇ قىلىدۇ.
ج. گولسۇئارس

قورقۇنچاقلىق كۇچەيگەندە قاتتىق قوللۇققا ئۆتىدۇ.
گ. ئىبسېن

ئادەملەرنى قورقۇتۇشنى خالىغانلار ئەينى چاغدا ئۆزلىرىنىڭ قورقۇنچاقلىقلىرىنى نامايان قىلىدۇ.

ر. ئېمېرسون

قورقۇنچاق خەۋپ - خەتەر ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنلا دوق - ھەيۋە قىلىدۇ.

ئى. گيوتې

جۈرئەتسىزلىك بىزدە پەقەت نەپرەت ئويغىتىدۇ.

ف. شىللېر

ئەر كىشىنىڭ پۈتۈن ئىش - ھەرىكىتى مەردلەرچە بولۇش كېرەك.

ئا. كازبېگى

قورقۇشنى يېڭىش — ئادەمنىڭ ئەڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى. پۈتلىرى تىترەپ تۇرسا، بۇ تىترەكلەر قوللىرىغىچە داۋام قىلىۋېرىدۇ.

ت. كارلېيل

قورقۇش ئەقىللىقلەرنى تەنتەك، كۈچلۈكلەرنى ئاجىز قىلىدۇ.

ف. كوپېر

قورقۇش ئىككى يۈزلىمىلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

دېموكرىت

قورقۇنچاقلىقنى ھەرقانداق ھىيلىگەر خورلاۋېرىدۇ.
پ. بومارشې

قورقۇشتىنمۇ قورقۇنچلۇق نەرسە يوق.
ف. بېكون

ئادەمنىڭ ئادەملىكى قورقۇنچىنى قايسى دەرىجىدە يېڭەلىشىدىن بىلىنىدۇ.
ت. كارلېيل

قورقماي ياشاش كېرەك، قورقۇنچاققا دائىم قوش كۆرۈنىدۇ، مەرد ئادەمگە بولسا ھەرقانداق ئېغىر ئىشمۇ ئاسان تۇيۇلىدۇ.
ف. ۋ. كلادكو

مۇناپىقلىق، خۇشامەتچىلىك ۋە ئىككى يۈزلىمىلىك ئەڭ زور ياۋۇزلۇق، ئىقابلانغان بۇ ياۋۇزلۇقنى سېزىۋال، ئۇنىڭغا ئىسبەتەن شەپقەتسىز ۋە مۇرەسسەسىز بول!
ۋ. ئا. سۇخوملىنسكي

ئىنساننىڭ خۇلقى، ۋەقە ۋە ھادىسىلەر ھەققىدە كۆڭلۈك نېمىدېسە، شۇنى سۆزلەش، سەندىن بىرەرسى مەلۇم نەرسىنى كۈتۈۋاتقان تەقدىردىمۇ خۇشامەت قىلما. خۇشامەتچىلىك سېنى مۇناپىق، خۇشامەتچى ۋە ئاخىر بېرىپ رەزىل مۇتتەھەمگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن قىلىنغان ھەرىكەتتۇر.
ۋ. ئا. سۇخوملىنسكي

ياخشىلىق ئىقابىغا ئۇرالمىغان ياكى ئۇنىڭ ياردىمىگە

تايانمىغان بىرەرمۇ ئىللەت يوق.

ج. لابرۇيېر

مۇناپىقلىق — تەس ئەمەس، ئۇ ھەربىر ئەسكىنىڭ قولىدىن كېلىدۇ، لېكىن ئاشكارا، سەمىمىي ۋە يۈرەكتىن سۆزلەش، كۆلۈش بولسا پەقەت ئالىيجاناب قەلب ئىگىلىرىگىلا خاس.

س. پېتېخى

ئالدامچىلىق بىلەن ئىككى يۈزلىمىلىك — بىر تۇغقان ئاكا - ئۇكىلار.

ئا. لىنكولىن

خۇشامەتچى ئادەملەر بىزەكلەرچە مۇناپىقلىقتا ھۆرمەت بىلەن قارايدۇ.

ئو. بالزاك

تەنتەكلەر ئارىسىدا مۇناپىقلار دەپ ئاتىلىدىغان بىر تائىپە بار، ئۇلار ئۇزلۇكسىز ھالدا ئۆزلىرى ۋە ئۆزلىرىنى ئالداشنى ئۆگەنگەنلىرى ئۆگەنگەن، ئەمما ئەسلىدە ئۇلار ھەممىدىن بەك كۆپرەك ئۆزلىرىنى ئالدايدۇ.

لېئوناردو داۋىنچى

كۆپىنچە ئەڭ مۇناپىق ئادەملەر ئالدىنىپ قالىدۇ.

ئو. گېزلىتت

ئادەمنى ئۆز ئالدىدا ماختاش خۇشامەتچىلىكنىڭ بەلگىسى.

ئارەستۇ

ھەممە كىشىنى ماختايدىغان ئادەمگە ئىشەنمە.

ج. كوللىنز

ئىشەنمىگىن مەدداھ، گەپدانلارغا،
زەررىچە نەپ ئۆچۈن سېنى مەدھىيىلەر.
بىر كۈنى مۇرادىن ھاسىل قىلمىساڭ،
ھەسسىلەپ ئەيىبىڭنى ساناپ كېتەر.

سەئدى

ماختاش نادانلاردىن، گۇمان ئۆزۈڭدىن—
بولار، غۇرۇرلانما گۈزەل سۆزۈڭدىن.

سەئدى

تىنماي ماختاۋېرىش — خۇشامەتچىلىك.

ئارەستۇ

ھەممە خۇشامەتچىلەر ئادەتتە ئالدامچىلاردۇ.

ئى. ئېنگېل

ئاچچىق تەنبىھتىن قورقما،
ئالدىغۇچى سۆزدىن قورق.

ئى. باراتىنسكي



ئالارمەنلەر ھېچنەرسىدىن يىرگىنمەيدۇ.

ل. ۋوۋېنارگ

خۇشامەتچى كىم؟ بۇ دەل يول تاپىدىغان «مەرد» ئەقىل ئىگىسى بولۇپ، سەل كۆزىگىز چۈشۈشى بىلەنلا يەتتە پۈكۈلۈپ

كۈلۈمسىرەيدۇ، ھەربىر سۆزىڭىزنى ئەندىكىپ قارشى ئالىدۇ ۋە نېمە قىلسىڭىز ھەممىسىنى قارىغۇلارچە ئالقىشلايدۇ.

ج.لابريويېر

بۈيۈك كىشىلەر ھېچقاچان خۇشامەت قىلمايدۇ، خۇشامەت — چۈپەي ئادەملەرنىڭ ئىشى، ئۇلار ئۆزلىرى ھەۋەس قىلغان ئاتاقلىق شەخسلەرنىڭ ھاياتىي مۇھىتىغا كىرىۋېلىش ئۈچۈن يەنىمۇ چۈ-پەيلىشىشكە تەييار تۇرغان ئادەملەردۇر.

ئو. بالزاك

پەقەت پەسكەش ئادەملا ئالدىڭدا ماختاپ كەينىڭدە غەيۋەت قىلىدۇ.

پىفاگور

كەمچىلىك ۋە نۇقسانلىرىڭنى كۆرۈپ ـ بىلىپ تۇرۇپ، ئۇ-لارنى ئاقلايدىغان ۋە ھەتتا ماقۇللايدىغانلارغا يېقىن يولىما. بۇنداق ئادەملەر خۇشامەتچى، يا قورقۇنچاق، ياكى ئەخمەق، ھەرقانداق بەختسىزلىك ۋە كۈلپەتتە ئۇلاردىن ياردەم كۈتمە.

گ. س. سكوۋورودا

خۇشامەت ساداقەتكە مۇتلەق يېقىن كەلمەيدۇ.

روتتېر دامسكي

دۇشمەننىڭ يالغان گېپىگە، خۇشامەتچىنىڭ تاتلىق سۆزىگە ئۈچۈپ كەتمە؛ بىرىنچىسى، مۇغەمبەرلىك تورىنى يېيىپ تۇرسا، ئىككىنچىسى، ياۋۇز كارنىيىنى ئېچىپ تۇرىدۇ.

سەئدى

خۇشامەت رەسمىدىكى بۇيۇمغا ئوخشايدۇ: كۆزۈڭنى خۇشال قىلغىنى بىلەن ھېچبىر نەپى يوق.

پىفاگور

يەتتە باشلىق ئەجدىھادىن ئەمەس، ئىككى يۈزلىمە ئادەمدىن قورق.

قابۇس

خۇشامەتچى ئۆگىتىلگەن ھايۋانلار ئىچىدىكى ئەڭ خەۋپلىكى.

دىوگىن

بويسۇنغاندەك كۆرۈنۈپ، كېيىن ھۆكۈمران بولۇش ئۈچۈن خۇشامەت قىلىدۇ.

ن. گ. چېرنىشېۋسكىي

قۇللارچە باش قويغان ئادەمنىڭ ھەممىسى قۇل بولۇۋەرمەيدۇ.

گ. لىختېنبېرگ

خۇشامەتچى شۇنىڭ ئۈچۈن خۇشامەت قىلىدۇكى، ئۇ ئۆزى ھەققىدىمۇ، باشقىلار ھەققىدىمۇ ياخشى ئوي - پىكىردە بولمايدۇ.

ج. لابريويېر

خۇشامەتچىلەردىن قېچىڭ — ئۇلار ياخشى كىيىنىۋالغان ئوغرىلاردۇر.

ئۇ. پېنىن

خۇشامەتچى —دۈشمەندىن يامان.

تاتسىت

كىمىكى تاپىنىڭنى يالىسا، چىشلىشىگە قاراپ تۇرماي دەرھال ئايىغىڭدا يانجىپ تاشلا.

پ. ۋالېرى

قەبىھ خۇشامەتچى ۋە ئالدامچىدىن كۆرە، ئاشكارا دۇشمەن ياخشى؛ ئۇنداقلار ئىنسانىيەتنى بۇلغايدۇ.

پىترا

نەپرەت ۋە خۇشامەت — ھەقىقەت كۇشەندىسى.

ف. لاروشفېك

كىمىكى خۇشامەتكە ئۇچرىسا، ھىمايىسىز قالىدۇ.

ئا. گراپ

تەنتەكلەرنى خۇشامەت بىلەن قولغا چۇشۇرگىلى بولىدۇ.

م. ئاندېرسن - نېكسې

سىركىدىن كۆرە ھەسەلدە چىۋىن كۆپرەك بولىدۇ.

ژ. لاخونتېن

خۇشامەت —جىنايەتلەرنى يېتىلدۈرىدىغان ئوزۇق.

ج. گېي

خۇشامەتنى تەنتەكلەرنىڭ ئوزۇقى دەپ ئېيتىشىدۇ. لېكىن شۇنىڭغا قارىماي، قانچىلىغان دانا كىشىلەرمۇ مەلۇم ۋاقىت داۋامىدا شۇ ئوزۇقتىن ئاز بولسىمۇ، تېتىپ قېلىشقا ئۇرۇنىدۇ.

ژ. سۇېفت

بىز ھوقۇقلىرىمىز توغرىسىدا سۆزلىگەن ئادەملەرنىڭ سۆ-زىنى مەمنۇنىيەت بىلەن ئاڭلايمىز. ئەمما، بۇرچ - مەجبۇرىيەتلىرىمىزنى ئەسلەتكەنلەرنى بولسا ئانچە ياقتۇرمايمىز.

ئې. بورك

ئەدەپسىزلىك پەقەت قىلمىشتا ئەمەس، سۆزىدىمۇ بولىدۇ.

ئەبۇل فاراج

سۆزمۇ خۇددى يوپۇرماققا ئوخشايدۇ: دەرەخنىڭ يوپۇرمىقى كۆپ بولسا، مېۋىسى ئاز بولىدۇ.

ئا. پوپ

ئورۇق ئادەم قېلىن چاپان كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بىمەنە ئادەم بولسا ئۆزىنى سۆز بىلەن بېزەيدۇ.

م. مانتېن

ئېيتقۇدەك سۆزى يوق ئادەم كۆپ سۆزلەيدۇ.

ئا. پ. سوماروكو

ئەقلى قىسقىنىڭ — تىلى ئۇزۇن.

ئارستوفان



ئويلاشنى بىلمەيدىغانلار ئەزمىلىك قىلىدۇ.

ر. شېرىدان

ۋات - ۋاتتىن ئۆگەنمە، ئۇ ئىچى كاۋاكلىقى ئۇچۇن چۇقان سالىدۇ.

ئو. ن. بىتلىڭ

ئومۇمەن ئالغاندا، ئاز بىلىدىغانلار كۆپ سۆزلەيدۇ. كۆپ بىلىدىغانلار بولسا ئاز گەپ قىلىدۇ.

ژ. ژ. رۇسسو

دانانىڭ تىلى قەلبىدە، تەنتەكنىڭ قەلبى بولسا تىلىدا.

ن. ۋ. شېلگۇنوف

دانا ئادەملەر پىكىر بايان قىلىشتىن ئاۋۋال ئويلاپ كۆرىدۇ. تەنتەكلەر شۇنداقلا سۆزلەۋېرىدۇ.

ھ. ھېينې

كىم قانچىلىك نادان بولسا، خۇلاسە چىقىرىشقا شۇنچە ئالدىرايدۇ.

ئە. كوندىلياك

پەقەت يۈزەكى بىلىم ۋە مەۋھۇم پىكىرلەرلا ئەزمىلىككە ئېلىپ كېلىدۇ.

ب. گالدوس

كىمكى يېزىۋېرىپ، كۆپ سۆزلىسە، ئۇ كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئۆگىنەلمەيدۇ.

دېموكرىت

گەپدانلىق قىلىش سەنئىتى ھېچبىر ئىش قىلمايدىغان ئادەملەردىلا ئاجايىپ ھەيرانلىق ئويغىتىدۇ.

ن. ئا. دوبرولىيۇبوف

بىكارچى ئادەملەر دائىم تولا سۆزلەيدۇ. قانچە ئاز ئويلىغانچە شۇنچە كۆپ سۆزلەيسەن.

ش. مونېسكې

ئىش بىلەن بولغاندا پەقەت زۆرۈر بىر سۆز چىقسىلا سۆزلەيدۇ؛ بىكارچىلىقتا بولسا ئادەم ھەدەپ سۆزلىگۈسى كېلىۋېرىدۇ.

ژ. ژ. روسسو

ئەگەر بىرسىنى قانداقتۇر بىر ئىشتىن توختىتىپ قويماقچى بولسىڭىز، سىز ئۇنى شۇ ھەقتە سۆزلەشكە مەجبۇر قىلىڭ: ئادەملەر قانچە كۆپ سۆزلىگەنچە ئىش قىلىشقا بولغان ئىشتىياقى شۇنچە سۇسلايدۇ.

ت. كارلېيل

بىكارچىلىقنى ھېچقانداق نەرسە قۇرۇق گەپتەك رىغبەتلەندۈرەلمەيدۇ.

ل. ن. تولستوي

دۇنيادىكى ئەڭ كۆپ گەپ قىلىدىغانلار بىكارچىلاردۇر.

پ. ئا. پاۋلېنكو



توغرا سۆزلە، ئەزمىلىكتىن قاچ.

دېموكرىت

بۇگۇن پەقەت بۇگۇنكى زۆرۈرىنى ئېيتقىن سەن،
قالغىنىنى قوي بۇگۇن، نۆۋەت كېلەر ئاڭا ھەم.

كوراتسې

www.uyghurkitap.com

ھەرقانداق نەرسىدىن ئۆزىنى تارتىش ئۇچۇن ئادەمگە كۈچ كېرەك، لېكىن شۇلار ئارىسىدا ئەڭ قىيىنى تىلنى تارتىش. ئەڭ مۇھىممۇ ئەسلىدە شۇ.

ل. ن. تولستوي

كىم تولا سۆزلىسە، مەنىسىز نەرسىلەرنىمۇ كۆپ سۆزلەيدۇ.

پ. كورنېل

ئۆز تىلىنى باشقۇرالمىغان ئادەمدە ھەقىقەت بولمايدۇ.

م. گەندى

ئەزمە ئادەم قىلىدىغان ئىشنى بەزىدە ياۋۇز ئادەممۇ ئۆزىگە راۋا كۆرمەيدۇ.

پ. بۇئاست

ئۆتكۈر تىل قابىلىيەت، ئۇزۇن تىل — جازا.

د. د. مىنايېف

تەبىئەتنىڭ ئەزمىلەرنى كۆرىدىغان كۆزى يوق.

ژ. رېنار

يالغان ئەزمىلىك بىلەن يوشۇرۇنغان بولىدۇ. يالغان، مەلۇمكى، ھەمدە ئەسكى ئىللەتلەرنىڭ بېشى.

م. ئى. سالتىكوۋ - شېدرىن

تولا گەپ قىلىدىغان ئادەم ئۆزىنى كۆرسەتمەكچى بولىدۇ - يۇ، ئەمما نەپرەتكە ئۇچرايدۇ. بىرسىگە قاراشماقچى

بولسا —گازىلدايدىغان چىۋىنگە ئايلىنىدۇ. ئادەملەرنى ھەيران قالدۇرماقچى بولسا — كۈلكىگە قالىدۇ؛ ئۇ دوستلارنى يەرگە قاردە تىپ، دۈشمەنلەرگە خىزمەت قىلىدۇ.

پلوتارىخ

سەپسەتىچىنى قوش قامچا بىلەن ساۋا.

ئەسفىل

زۆرۈر سۆزنى ئېيتالمىغىنىڭ ئۈچۈن بىر قېتىم ئەتتەڭ دەيسەن، تىلىڭنى يىغالمىغىنىڭ ئۈچۈن بولسا مىڭ قېتىم ئەتتەڭ دەيسەن.

ل. ن. تولستوي

ئېيتار سۆزۈڭنى ئېيت،
ئېيتماس سۆزدىن قايت.

ئە. نەۋائى

ئېغىزغا كەلگەننى دېيىش ناداننىڭ ئىشى،
ئالدىغا كەلگەننى يېيىش ھايۋاننىڭ ئىشى.

ئە. نەۋائى



ئويلىماي ئېيتىلغان سۆزنىمۇ ئېتىلغان تاشتەك تۇتۇۋېلىش قىيىن.

مېناندر

تىل —چاقماق تاش. سۆز — ئوچقۇن. ھەي سۆزلەۋاتقان ئادەم، ئېھتىيات قىلمىساڭ، ئوت ئېلىپ كېتىشى مۇمكىن.

ئە. كاپېف

كىمگە نېمىنى سۆزلەۋاتقىنىڭنى پات ـ پات ئويلاپ تۇر.
گوراتسىي

ئەڭ يامىنى — باشقۇرۇلمىغان تىل.
ئېۋرىپىد

بىلگىنىڭنى ھە دەپ سۆزلەۋەرمە، ئەمما سۆزلەۋاتقىنىڭنى بولسا ھەممە ۋاقىت بىل.
م. كلائودىئۇس

بىلەرمەنلىكىڭدىن ماختانما، ئۇنچىقماي تۇرۇپ غورۇرلان.
پ. ئا. پاۋلېنكو

كىمكى سىر ساقلاشتىن ماختالدىمۇ، سىرنىڭ يېرىمىنى ئېچىپ ئۈلگۈردى. قالغىنىنىمۇ گەپ يوق ئاچىدۇ.
ژان پول

ھەتتا تونۇشلىرىڭىزنىمۇ بىرەر نەرسە ھەققىدە مەقسەتسىز سۆزلەش —پەقەت بىكارچى ئەزمىلەرگىلا خاس خۇسۇسىيەت.
د. ئى. پىسارېف

خەقنىڭ سىرىگە قۇلاق سېلىش — خەقنىڭ مېلىنى گۆرۈگە ئېلىشتەك ئىش.
ن. شامفور

ساڭا ئىشىنىپ ئېيتىلغان سىرنى، ساڭا ئىشىنىپ تاپشۇرۇلغان مال ـ مۈلۈكتىنمۇ ئەۋزەلرەك ئېھتىيات بىلەن ساقلا،

نىمىشقا دېگەندە، ھالال ئادەملەردە قەسەمدىنمۇ كۈچلۈك خاراكتېر بولۇشى كېرەك.

ئىسوكرات

باشقىلارنىڭ سىرىنى ئاشكارا قىلىش — خائىنلىق، ئۆز سىرىنى ئاشكارا قىلىش ئەخمەقلىق.

ف. ۋولتېر

پەقەت ئۈچ ئادەملا سىر ساقلىيالايدۇ، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىككى-سى ئۆلگەن بولسىلا.

ب. فرانكلىن

ھېچكىم سىرنى ئاشۇ سىرنى بىلمىگەن ئادەمدەك ساقلىيال-مايدۇ.

ف. روماس

ئۆز سىرىنى ساقلىماق — دانىشمەنلىك. بىراق باشقىلاردىن بۇنى تەلەپ قىلىش تەنتەكلىك.

ئو. خالمىز

ئەگەر ئۆزىمىزنىڭ سىرىنى ساقلىمىساق، بۇنى باشقىلاردىن قانداق تەلەپ قىلىشىمىز مۇمكىن؟

ف. لاروشفىك



سىرمۇ تورنىڭ ئۆزى: بىر تۈگۈنى يېشىلسە، ھەممىسى چۇ-ۋۇلۇپ كېتىدۇ.

ۋ. ھيۇگو

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitab.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ھەددىدىن تاشقىرى ئاشكارىلىقمۇ يالغانچىلىقتەك سەت كۆرۈنىدۇ.

ف. بېكون

ھەربىر كىشىنىڭ ئايغا ئوخشاش يورۇمايدىغان تەرىپى بار، ئۇنى ھېچكىمگە كۆرسەتمەيدۇ.

مارك تۋېن

ئەگەر ئادەملەر بىر - بىرىنى باشتىن - ئاخىرى ئېنىق بىلگەنلىرىدە، بىر - بىرىدىن پىتىراپ قاچقان بولاتتى.

ئى. كانت

ئەگەر سىرىڭنى دۈشمىنىڭ بىلمىسۇن دېسەڭ، ئۇنى دوستۇڭغىمۇ ئېيتما.

قابۇس

دۈشمەندىن يوشۇرغىنىڭنى دوستۇڭغىمۇ ئېيتما. چۈنكى دوستلۇقنىڭ ئەبەدىيلىكىگە كاپالەت يوق.

ئەبۇل فاراج

دۈشمەنگە ئەلمىڭنى سۆزلىمە ئەسلا،
خۇش بولۇپ دېمىسۇن: «ئەلھەمدۇلىللا!»

سەئدى

دۈشمىنىڭ بىلىشى لازىم بولمىغان سۆزنى دوستۇڭغىمۇ تىنما.

ئا. شوپېنگائۇئېر

باشقىغا سىر ئېيتىپ ساقلا دېگەندىن،
دىل سىرىنى ھېچكىمگە ئېيتمىغان ياخشى.
ئېرىق تېشىپ كەتسە باغلاپ بولمايدۇ،
سۇنى ئەڭ بېشىدىن قايتۇرغان ياخشى.
يوشۇرۇن سىرنى ئېيتىپ بولمايدۇ،
ھەر توپتا سۆزلەپ، قايتۇرۇپ بولمايدۇ.

سەئدى

ئادەمنىڭ ئەپلەپ سۆزلەشكە ئەقلى باركى، ئېھتىيات سەۋەبىدىن سۈكۈت ساقلاشقا پۇرسىتى يەتمىسە — بۇ پالاكەت بىلەن تەڭ.

ج. لابريويېر

ئەتىمۇ ـ كەچمۇ، ھەممە سىرلار ئېچىلىدۇ. زادى ئېچىلمايدىغان سىر يوق.

م. م. پرشۋىن

پەسكەش ئادەملەر ئۇچۇن مۇقەددەس ۋە بۈيۈكلۈككە ئۆزلىرىنىڭ ئىپلاس قاراشلىرى ۋە پىكىرلىرىنى چاپلاپ، ئۆز ئاجىزلىقلىرىنىڭ ئەلىمىنى ئېلىشتىنمۇ بەك يېقىملىقراق نەرسە يوق.

ۋ. گ. بېلىنىسكىي



قەبىھ ئادەمگە ساخاۋەتمۇ، دانىشمەنلىكمۇ قەبىھلىك بولۇپ كۆرۈنىدۇ: ئەسكىگە — ئەسكىلىك يارىشىدۇ.

ۋ. شېكىسپېر

يامان ئادەم خۇددى كۆمۈر: كۆيدۈرمىسىمۇ سىنى قارا قىلىدۇ.

ئاناخارسىس

يامان ئادەملەر كىشى بەدىنىدە يۇرۇپ، پەقەت يارا بار جايىغا كەلگەندە توختايدىغان چىۋىنگە ئوخشايدۇ.

ج. لابرىيوپىر

ياۋۇز ئۇچۇن ياۋۇز خەۋەر ئاڭلاشتەك يېقىملىق تەسكىن يوق.

ش. رۇستاۋېلى

رەھىمسىز ئادەملەر خەقنىڭ كۈلپىتىدىن خۇشال بولىدۇ.

ۋاژاپشاۋېلا

ئەمەلىيەتتىن بىزگە مەلۇمكى، ئۆزىمىزنى ئاياپ، يۆلەش، باشقىلارغا نىسبەتەن شەپقەتسىز بولۇش، بۇ بىر گۇناھنىڭ ئىككى تەرىپى.

ج. لابرىيوپىر

مۇتتەھەم دائىم خاپىغان؛ جەسۇر بولسا دائىم خوش - خوش.

ئى. ئى. دىمترىيېف

رەھىمسىزلىك ۋە قورقۇش ھەمىشە بىر - بىرىنى قوللايدۇ.

ئو. بالزاك

ياۋۇزلۇق ھەمىشە شەپقەتسىزلىك ۋە ياۋۇزلۇقتىن كېلىپ چىقىدۇ.

سېنېكا

شەپقەتسىزلىك جاسارەتكە ھەمراھ بولالمايدۇ.

م. سېرۋانتېس

رەھىمسىز كىشىلەر ھىممەتلىك غايىلەرگە سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلالمايدۇ.

ۋ. ھيۇگو

قەھر ـ غەزەپ ئۆز نۆۋىتىدە ئىرادىسىزلىكتۇر.

ئا. پ. چېخوف

ئۆچ ئېلىشتىن چۈپەي ۋە پەسكەش قەلبلا راھەتلىنىدۇ.

يوۋېنال

پاسىقتىن ھايا تىلىمە، زالىمدىن ۋاپا (تىلىمە).

ئە. نەۋائى

ئىتتىن كېيىككە ۋە مۈشۈكتىن كەپتەرگە شەپقەت كۈتۈش قىيىن.

ئە. نەۋائى

يىغلىغاننى تېپىشنى مۈتتەھەم، قورققاق باشلايدۇ.

ئوۋىردي

69

ساخاۋەت نىقابى ئاستىدا ياۋۇزلۇق قىلىنمىغاندا ئىدى، دۇنيادا بۇنچىلىك ياۋۇزلۇق بولماستى.

م. ئەبنېر ـ ئەشېنباخ

ياۋۇزلۇق ھەمىشە ھىممەت قولتۇق تايىقى بىلەن ماڭىدۇ.

م. م. پرشۋېن

ئەپسۇس —پاش قىلىنىشتىن دەككە ـ دۇككىگە چۈشكەن قەھر ـ غەزەپ، ئۆز ئاجىزلىقىنى سەزگەن قۇتراش كېسىلىدۇ.

ئا. كامىيل

باشقىلارنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈلپەتنى زاڭلىق قىلىشنى زادى كەچۈرمەسلىك كېرەك.

ئا. پ. چېخوف

چوڭمۇ ـ كىچىكمۇ، زادى ياۋۇزلۇق قىلماسلىق كېرەك.

ئىزوپ

بىرەرمۇ ياۋۇز ئادەم بەختلىك بولالمىغان.

يۇۋېنال

ياۋۇز ئادەملەرنىڭ ھاياتى ھەمىشە خاتىرجەمسىز.

د.دىدېرو

كىمدىن كۆپچىلىك قورقسا، ئۇمۇ كۆپچىلىكتىن قورقۇشى كېرەك.

سولون

كىمكى ياۋۇزلۇق ئۇستىگە ياۋۇزلۇقنى ئارتتۇرۇۋەرسە، قور-قۇشمۇ شۇنچىلىك ئېشىۋېرىدۇ.

سېنېكا

قورقۇشنى بىلمەي دېسەڭ، ياۋۇزلۇق قىلما.

قابۇس

كىم ياۋۇزلۇق ئۇرۇقىنى چاچسا — پۇشايمان يىغىدۇ.

سەئدى

توۋا قىلىش ياخشى ـ يۇ، لېكىن ياۋۇزلۇق قىلماسلىق ئۇ- نىڭدىنمۇ ياخشى.

گ. فلوبېر

ئاچچىق كەلگەندە ھېچ ئىشنى باشلىما! بوران ۋاقتىدا كېمىگە چىققان ئادەم ئەخمەق.

ئى. گائۇگ

سۇسلۇق پەقەت غەزەپلەنگەن ۋاقتىدىلا پايدىلىق.

پوبلىلىي سىر

غەزەپلەنگىنىڭدە —غەزىپىڭنى بېسىشنى ئۆزۈڭگە مەجبۇ- رىيەت بىل.

قابۇس

قورقىنىڭدا ئۆزۈڭنى تۇتۇشنى بىلگىنىڭدەك، غەزەپلەنگە- نىڭدە ئۆزۈڭنى تۇتۇشنى بىلىشىڭمۇ ماختاشقا لايىق بىر ئالىي- جانابلىق.

ئا. سېمىت

غەزەپكە كەلگەن بولساڭ، سۆزلەشتىن ئاۋۋال ئونغىچە سانا، بەك بولماي كەتسەڭ يۈزگىچە سانا.

ت. جېففېرسون

كىمكى كۈچلۈك غەزەپتىن ئۆزىنى تۇتسا، ئۇ ئاز - تولا ئەقىللىق.

پلاۋت

ئادەملەر كۆپىنچە ئۆز ئەقىلسىزلىكلىرىنى غەزەپ بىلەن تولدۇرىدۇ.

ئو. ئولۋېر

راستتىنى ئېيتقاندا، قەيەردە ئاقىلانە دەلىل يېتىشمىسە شۇ يەردە ۋارقىراش ھۆكۈم سۈرىدۇ.

لېئوناردو داۋىنچى

غەزەپ ئاجىزلىقنىڭ قورالى.

س. سېگيۇر

تولىمۇ ھاياجانلىنىش — ئاجىزلىقنىڭ ئالامىتى.

ئا. ديۇما (ئاتىسى)

غەزەپ —بىردەملىك ئەقىلسىزلىك...

گوراتسي

غەزەپ —جاھىللىق مەنبەسى.

شارلدي كوستېر

غەزەپ —قايتۇرۇلىدىغان، شەپقەتسىز، غايەت كۈچلۈك، روھىي جەھەتتىن ھايۋاني بىر ھېسسىيات، ئۇ قاتىللىقنىڭ سەۋەبچىسى، غەم - كۈلپەتنىڭ ھەمراھى، زىياداشلىق ۋە

نومۇسسىزلىقنىڭ ھەمراھى بولۇشى مۇمكىن.
ئارەستۇ

غەزىپىمىز ۋە ئەلەمىمىز بىزنى غەزەپلەندۈرگەن نەرسىگە قارىغاندا كۆپرەك زىيان سالىدۇ.
ژ. لىببوك

غەزەپ ھەتتا ئەقلى جايىدا ئادەمنىمۇ بىسىپ يەرگە ئۇرىدۇ.
بابىردى

جاھىل ئەھلى بىلەن كىمكى ئۇلپەت بولغاي،
ئۇ ئۇلپەت ئىچرە يۈزمىڭ ئاپەت بولغاي.
ئە. نەۋائى

غەزەپ باشقىلارغا قانچىلىك يىقىمسىز بولمىسۇن، غەزەپلىنىۋاتقان ئادەمگە بەك ئېغىر. غەزەپ بىلەن باشلانغان نەرسە ئۇيات بىلەن تۈگەيدۇ.
ل. ن. تولستوي

بىزنى غەزەپلەندۈرگەن ئادەمگە ئاچچىقىمىزدا شۇنداق ئەيىبلەرنى قويىمىزكى، تىنچ ۋاقتىمىزدا ئويلاپ قارىساق، ئۆزىمىزگىمۇ كۈلكىلىك تۇيۇلىدۇ.
ك. د. ئۇشىنسكىي



غەزەپ ئۈستىدە جازا بېرىش جازالاش ئەمەس — ئۆچ ئېلىش.
پ. بۇئاست

غەزەپ ئۈستىدە ئۇرغان ھەربىر زەربىمىز — ئاقىۋەت

ئۆزىمىزگە تېگىدۇ.

ئو. پىنت

غەزەپلىنىش كۆپىنچە باشقىلارنىڭ ئەيىبى ئۈچۈن ئۆزىمىزدىن ئۆچ ئېلىشىمىزگە ئوخشايدۇ.

د. سۋىفت

غەزەپكە بېرىلىش خەقنىڭ خاتاسى ئۈچۈن ئۆزىمىزدىن ئۆچ ئېلىشىمىز.

ئا. پوپ

غەزەپ ھەممە جايدا، بولۇپمۇ ھەق ئىشتا ئورۇنسىز. چۈنكى ئۇنى خىرەلەشتۈرۈپ قويىدۇ.

ن. ۋ. گوگول

غەزەپ كەلگەندە سۆزلەشمۇ، بىرەر ئىشنى قىلىشمۇ كېرەك ئەمەس.

پىفاگور

ھەددىدىن ئاشقان غەزەپ قورقۇشنى تۇغدۇرىدۇ. چەكتىن ئاشقان ئەركىلەش ئالامان ئالدىدا ئابرۇيۇڭنى تۆكىدۇ. ھەممىنىڭ جىنىغا تەگكۈدەك دەرىجىدىكى شەپقەتسىزمۇ ۋە كۆرۈنگەن ئادەم دۈشكەلەۋېرىدىغان دەرىجىدىكى مۆمىنمۇ بولما.

سەئدى

كىمكى ئۆز تېنىگە بوش كەلمىسە، كۈچلۈكلەر بىلەن مۇناسىۋەتتە ئۆز قەدرى - قىممىتىنى ساقلىسا، ھىمايىسىزلەرگە

نىسبەتەن ئۆزىنى يېقىن تۇتۇشنى بىلسە — ئۇ ھەممىدىن ئۇزۇپ كېتىدۇ.

فۇكسىدىر

جېدەلگە، پىتنە ۋە ئىچىتارلىققا مايىللىق — تايىنى يوق ئادەملەرنىڭ ئىشى.

بېندار

پەقەت بىر تەرەپ ئەيىبلىك بولغاندا، جېدەل بۇنچىلىك ئۇزۇن سوزۇلمايتتى.

ف. لاروشفېك

مەلۇمكى، ھەممە جېدەللەرنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى —ئىككىلا تەرەپنىڭ ئاجىزلىقى.

ف. ۋولتېر

جېدەللىشىۋاتقان ئىككى كىشىنىڭ ئەقىللىقرەكى — كۆپ-رەك ئەيىبلىك.

ئى. گېيوتى

بىرەرسى بىلەن جېدەللىشىۋاتقاندا شۇنى نەزەردە تۇتۇش كې-رەككى، جېدەل ئاخىر بېرىپ دوستلۇققا ئايلانسۇن.

دىودار



ئادەملەر كۆپىنچە تەسەۋۋۇردىكى خاپىلىقى ئۈچۈنلا تونۇشلى-رىدىن رەنجىپ، غەزەپلىنىپ، ئۇلارغا سوغۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ يۈرىدۇ.

ژ. لېببوك

ھاياتتا بولۇپ تۇرىدىغان ھەرخىل جېدەللەر ۋاقتىدا ئىنسانىي ياخشى تۇتۇشى، شۇ ئادەم خاراكتېرىنىڭ ياخشىلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

گ. تايلور

مەرد ئادەمگە قارىغاندا، قورقۇنچاق ئادەم كۆپرەك جېدەل چىقىرىدۇ.

ت. جېففېرسون

مەن ھەمىشە غەزىپىمنى بېسىشقا ۋە جېدەلدە يول قويۇشقا ھەرىكەت قىلىمەن، نەتىجىدە جېدەلنى بېسىشقا ئىگە بولىمەن. كېيىن بولسا تىنچ ھالەتتە ھەممە نەرسە جاي - جايىغا چۈشۈپ كېتىدۇ. ھەمىشە جېدەلنىڭ بېشىدىلا توختىتالمىغىنىغا ئەپسۇسلىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

ل. ن. تولستوي

ئاچ كۆزلۈكنىڭ راۋاجى كۆرەلمەسلىككە — ھەسەتخورلۇققا ئېلىپ بارىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قۇتادغۇبىلىك خەزىنىسى»دىن

ھەسەتچىلىرىڭنىڭ مۇنچىۋالا داۋراڭلىرىدىن ئۈمىدسىزلەنمە، ساڭا ھەۋەس قىلغۇچىلارنىڭ ھۆرمىتى ۋە قۇدرىتى ئۇلارنى ئالاقزادە قىلىۋەتكەن. ھەسەت سايىسىنى چۈشۈرۈپ تۇرغان نەرسە ھەۋەس - ھۆرمەتنىڭ شولىسى!

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن

قارانىيەتلىك ۋە قولى يەتمەسلىك — ھەسەتخورلۇقنىڭ

باشلىنىشىدىن ئىبارەت. ئومۇمەن، بىلىمنى پەزىلەت كۇرسى ۋە كامالەت كۇرسىغا يەتكۇزمىگەن ئاتالمىش «ئۆلىما ـ زىيالىي» لار ئۆز مىللىتىدىن ھەقىقىي تەپەككۇر ۋە بىلىم ئىگىلىرىنىڭ چىد-قىشىنى كۆرەلمەيدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش — مىللەتنى گۈللەندۇ-رۇشنىڭ مۇقەددىمىسى» دىن

ھەم قولى قىسقا ـ ناقابىل، ھەم قارانىيەت ـ غەيۋەتخور بو-لۇش بىر خىل زىددىيەتچان روھىي كېسەللىك بولۇپ، ئىبلىس تەسۋىرىگە ئوخشايدۇ. ناقابىل ئىكەن قابىل بولۇشقا تىرىشىشى، قابىل بولالمىسا، قابىللارنى قوللىشى لازىم بولغان نورمال روھىي ھالەتنىڭ زىددىيەتچان روھىي كېسەللىككە ئايلانغانلىقى ھەسەتخور قەلبىنىڭ ئىبلىسلىقى ئەمەسمۇ؟

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش — مىللەتنى گۈللەندۇ-رۇشنىڭ مۇقەددىمىسى» دىن

ئۆزگىنى كەسلەپ، ئۆز شېخىنى كۆتۈرۈش ھەسەتخورلۇقنىڭ مۇھىم ئالامىتىدىن ئىبارەت. مىللەتنىڭ نادان ھەسەتخورلىرى دۇنيادا قانداق يېڭىلىقلارنىڭ بولغانلىقى، قانداق كىتابلارنىڭ يېزىلغانلىقى، قانداق كەشپىياتلارنىڭ مەيدانغا چىققانلىقى بىلەن كارى بولماي، ئۆز مىللىتىدە بىر يېڭىلىق باش كۆتۈرسىلا «يۇ-رىكى يارا، يۈزى قارا» بولۇپ كېتىشىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش — مىللەتنى گۈللەندۇ-رۇشنىڭ مۇقەددىمىسى» دىن

ھەسەتخورلارنىڭ شۇنداق بىر تىپى باركى، ئۇلار ئۆزلىرى ئۇچرىغان بەختسىزلىكنى «ئەڭ ياخشى ئالىي مەكتەپ»

(بىلىنىسكىي) دەپ بىلىپ، ئۇنىڭدىن ئەقلىي ۋە ۋىجدانىي خۇلاسە چىقارماستىن، «سۇنغان ئاقسۆڭەكلەر» چە ئەسەبىي قىساسكارلىق پىسخىك كېسەللىكى بىلەن ئالدىن كەتكەنلەرنىڭ غەيۋىتىنى قى-لىپ، ئورنىنى كولاپ، شىخىنى كېسىپ، ئاسان يول بىلەن «قەھرىمان» لىق مۇنبىرىگە چىقىشنى قەستلەيدۇ. بۇنداق كىشى-لەرنىڭ ھەسەتخورلۇقى ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمايدىغان تەرسالىق بىلەن تەنھا ياكى تۈركۈم بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇنى «قىساس-كارلارچە ھەسەتخورلۇق» دېگەن نام ئاستىدا ئەيىبلەش لازىم.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش — مىللەتنى گۈللەندۇ-رۇشنىڭ مۇقەددىمىسى» دىن

پىتنە تۇغدۇرۇپ، تۆھمەت قىلىش ھەسەتخورلۇقنىڭ ئاسان چىلىقىدىغان شەكلىدىن ئىبارەت. ھەسەتخورلۇقنىڭ قورالى پىتنە بىلەن تۆھمەت ئىكەنلىكى شۈبھىسىز، بۇنى ئۇلار جىنايى تىل بى-لەن «سىياسەتچىلىك» دەپ ئاتىشىدۇ. تۇرمۇشنى ئالدىغىلى، خەلقنى پۈتۈن بىر تارىخ جەريانىدا قايمۇقتۇرغىلى بولمايدۇ. قەيسەر ئىرا-دىلىك كىشىلەر ئۆز ئەجرى بىلەن ھەمىشە ياشناپ تۇرۇۋېرىدۇ. «-سىياسەتقۇچىلارنىڭ سىياسىي كېتىشى» مانا بۇ پاك ۋە ناپاكلىق كۈرىشىدىكى بىر ھەقىقەت. مانا بۇ تارىخنىڭ نۇرانە يۆنىلىشى. ئەگەر مۇنداق بولمىغاندا تەڭرىمۇ بولمىغان، ھەقىقەتمۇ بولمىغان، تارىخمۇ بولمىغان، ئىستىقبالمۇ بولمىغان، ئىشەنچ ۋە ئالىي ھىم-مەتمۇ بولمىغان بولاتتى!

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش — مىللەتنى گۈللەندۇ-رۇشنىڭ مۇقەددىمىسى» دىن

گۆرۈھۋازلىق قىلىپ، باشقىلارنى چەتكە قېقىش

ھەسەتخورلۇقنىڭ تۈركۈملەشكەن شەكلىدىن ئىبارەت.

**ئا. مۇھەممەتئىمىن: «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش — مىللەتنى گۈللەندۈ-رۈشنىڭ مۇقەددىمىسى» دىن**

ھەسەتخورلۇق ئەسلىدە زەھەرلىك چاياندەك نەرسە بولسىمۇ، ئۆزىنىمۇ كۆيدۈرىدىغان، باشقىلارنىمۇ كۆيدۈرىدىغان خۇسۇمەتلىك ئوت بولسىمۇ، ھەسەتخورلار تۈركۈملىشىپ، چاياندىن پىل پەيدا قىلىشقا ماقۇل بولۇشىدۇ.

**ئا. مۇھەممەتئىمىن: «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش — مىللەتنى گۈللەندۈ-رۈشنىڭ مۇقەددىمىسى» دىن**

خەلقنى پارچىلاش، مىللەتنى خانىۋەيران قىلىش — ھەسەت-خورلۇقنىڭ ھەرىكەت نىشانىسى ۋە تارىخىي جىنايىتىدىن ئىبارەت.

**ئا. مۇھەممەتئىمىن: «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش — مىللەتنى گۈللەندۈ-رۈشنىڭ مۇقەددىمىسى» دىن**

ھەسەتخورلۇق شۇنداق كېسەلكى، بىرىنچىدىن، ئۆزىنى ھالاك قىلىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، يۇقتۇرۇۋالغان كىشىلەرنى ھالاك قىلىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى تارقاقلاشتۇرۇپ، روھىي ئۇيۇشتۇرغۇچى ئاقىل كىشىلەرنىڭ ئابرۇي - نوپۇزىنى دا-ۋاملىق قىرقىپ، مىللەتنى ھالاك قىلىشنىڭ جەريانىنى تېزلەش-تۈرىدۇ.

**ئا. مۇھەممەتئىمىن: «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش — مىللەتنى گۈللەندۈ-رۈشنىڭ مۇقەددىمىسى» دىن**

ھەسەتخورنىڭ تەپەككۇرى، ھېسسىياتى، تىلى، قەلىمى خۇنۇكلۇك بىلەن تولغاچقا، تىنىقى ۋە يۈرەك سوقۇشى ھەمىشە ھەسەت زەھىرى، بوھتان ئوتى ۋە قورقۇش تەشۋىشىدە تۇرىدۇ، ئۇنىڭ

پىسخىك كېسەللىك جىسمانىي ئاجىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش — مىللەتنى گۈللەندۈ-رۈشنىڭ مۇقەددىمىسى» دىن

ھەسەتخورلۇقنى يوقتۇرغان كىشى ئۆزىگە يارىشا «جەڭگاھ» ئېچىۋالغان يەنە بىر ھەسەتخوردۇر.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش — مىللەتنى گۈللەندۈ-رۈشنىڭ مۇقەددىمىسى» دىن

ھەسەتخورلۇق تەرىپىدىن چىرمىۋېلىنغان مىللەت گەرچە تىل بىرلىكى بىلەن بىرلىشىپ تۇرسىمۇ، قەلبى پارچىلانغان مىللەتتىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش — مىللەتنى گۈللەندۈ-رۈشنىڭ مۇقەددىمىسى» دىن

تىلنى تاشقى پوست، قەلبنى ئىچكى ئۆزەك قىلغان مىللىي ئۇيۇشمىنىڭ ھەسەتخورلۇق ئىچىدە تەمتىرىشى ھالاكەت ھالقىسىنىڭ ئالامىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، خالاس.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش — مىللەتنى گۈللەندۈ-رۈشنىڭ مۇقەددىمىسى» دىن

ھەسەتخورلۇقنىڭ قاتتىق زەربىسىگە ئۇچرىغانلارغا كەلگەندە شۇنى ئېيتىش كېرەككى، بۇ ئۇلار ئۈچۈن تېخىمۇ قەيسەر خاراكتېر يېتىلدۈرىدىغان شۇۋرىغان سىنىقى!

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش — مىللەتنى گۈللەندۈ-رۈشنىڭ مۇقەددىمىسى» دىن

ۋىجدان قۇياشىنىڭ قارايغان كۆڭلى ئەقىدە ئەھلىنىڭ قىيا-
مىتى!

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىيالار»
دىن

ھەسەت ۋە كۆرەلمەسلىكتىن خالىي بولغانلىقىم ئۈچۈن،
نەۋرەمنىڭ ئاخىرقى كۆڭلىرىگىچە ياشىدىم!

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىيالار»
دىن

ئەشەددىي ھەسەتخورلار مىللەتنى ھالاكەتكە ئىتتەرگۈچىلەر.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىيالار»
دىن

رەشك ـ ھەسەت روھىي ئازادلىك، ئەركىن ـ دېموكراتىك
روھنىڭ دەل ئەكسىچە، مىللەت روھىيىتىدىكى، جۈملىدىن ھە-
سەتخور ۋۇجۇدىدىكى ئەسەبىي ئىللەت. رەشك ـ ھەسەت ئەپسانىۋى
چۆچەك شەكلىدىكى دوزاخ بولماستىن، دەل رېئال، ھەقىقىي جە-
ھەننەم. ئۇنىڭ ئوتلىرى نەپسانىيەت ۋەسۋەسىسى بىلەن يانغان، ئۇ-
نىڭ ئاپەتلىك يالقۇنلىرى ئۆزىنىڭ تاقابىللىقى ۋە بەختسىزلىكى
بىلەن باشقىلارنىڭ ئىقتىدارى ۋە سائادەتمەنلىكىنى دوم يېتىپ
سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن. بۇ خىل ھەسەت
يالقۇنلىرى ئۇنىڭ ئىقتىدارىغا ۋە بەختكە ئېرىشىش مۇمكىنلىك-
لىرىنىڭ باش كوزىرى بولغان ئەقىل جەۋھىرىنى كۆل قىلىپ،
ئۇنى تەپەككۇر، روھىيەت، خۇلق ـ مىجەز ۋە جىسمانىي جەھەتتىن
خورىتىپ، خارابلىق توپىسىغا يېقىنلاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭ تىرىكلەر

ئارىسىدىكى پائالىيەتلىرى ھەسرەتتە ئۆلگەن ھەسەتخور ئەرۋاھىنىڭ قىساسكار تەلۋىلىكلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ھەسەتخور باشقىلارنىڭ سۈرىتىنى تامغا ئېسىپ قويۇپ، ئۇنىڭ بەدىنىگە چاڭگال سېلىپ، گۆشىنى تىتىپ يېگەندەك خىيالىي كۆرۈنۈشتىن ئۆزىنى بەزلەپ، ئەمەلىيەتتە ھەر دەقىقە ئۆزىگە چاڭگال سېلىپ، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈچىدۇر.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار» دىن

رەشك ـ ھەسەت مىللەتنىڭ نومۇسلۇق ئىللىتى، ھەرگىزمۇ «قەھرىمانلىق روھىنىڭ پارتلىشى» ئەمەس! تارىخ ئۆزىنىڭ ھەسرەتلىك ئۆتمۈشى بىلەن ھەسەتخورلۇقنىڭ ئەڭ ئۆتكۈر، ئەڭ باھالىق، ئەڭ قىزغىن، ئەڭ مودىلىق دەۋر تېمىلىرى، پىكىر ئېقىملىرىنى نىقاب قىلىپ چىقىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. خەلق چۆچەكلىرىدە ئۆكۈز، يىلان، قارا مۈشۈك، قېرى تېكە، يالماۋۇز كەمپىر قىياپىتى بىلەن سورۇنغا كىرگەن ئالۋاستىلارغا قارىغاندا، پەرىزات سىياقىغا كىرىۋالغان ئالۋاستىلارنىڭ كۆپرەك، تېزرەك، ئۇزۇن مۇددەترەك، ئاۋاتراق بازارغا، خېرىدارلىققا ئىگە بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار» دىن



زامانلار ئۆتۈپ زامانداش ھەسەتخور نۇقسانچىلارمۇ تارىخ سەھنىسىدىن ئىزسىز يوقىلىدۇ. يېڭى بوغۇن ھەسەتچى ئەرۋاھلار بىلەن «ئۇماچ» تالىشىپ ئولتۇرمايدۇ…

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار» دىن

ھەرقانداق ئەھۋالدىمۇ بىر ساھە، بىر كەسىپتىكى ئىلىم ـ مەدەنىيەت ئەھلى بىرى يەنە بىرى ئۈستىدە ھەر قانداق سورۇندا ھەسەت تۈپەيلى پىتنە ـ ئىغۋا قىلىش سالاھىيىتىگە مۇتلەق ئىگە ئەمەسلىكىنى ئۆز ـ ئۆزىدىن جەزملەشتۈرۈۋېلىشى لازىم. پەۋقۇلـ ئادده جىددىي (قانۇنىي) بولمىغان ئەھۋالدا ئۆز كەسىپدىشى ئۈسـ تىدە ۋايساش ۋايسغۇچىنىڭ نادان، شۆھرەتسىز خۇنۇك قىياپـ تىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ، خالاس! بۇ مەسىلىدە جان چىقىش ئالدىدا ئىمان ئېيتىشقا ئالدىرىغاندەك ئۆز ـ ئۆزىنى پاكلاشقا ھېچقانداق تەمەنناسىز، كىبىرسىز، ئەستايىدىل ئالدىراش لازىم! مانا بۇ ئاقىـ لانە ۋىجداننىڭ دەۋىتى!

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىيالـلار» دىن

ھەسەتخورلۇقنى ئەمەلىيەتتە سۆكۈش، ئەمەلىيەتتە ئېرىغداش، پەزىلەت مەسىلىسىنى پەزىلەت بىلەن ھەل قىلىش لازىم. جاھالەت قاراڭغۇلۇقىدا قارا لىباس، ئىجادىيەت كۇندۇزىدە ئاق يەكتەك كىـ يىۋالىدىغان كىشىلەرگە تارىخنىڭ قوينى كەڭ بولۇش بىلـەن بىللە مەسخىرە شەمشىرىمۇ يېتەرلىك ئۆتكۈر!

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىيالـلار» دىن

ئەينەككە قاراش ئىككى خىل بولىدۇ: ئۇنىڭ بىرى، يۇيۇپ ـ تاراـ غاندىن كېيىن، تاشقى قىياپەتنى كۆزىتىش ئۈچۈن قاراش. يەنە بىرى، ئەينەككە تىكىلىپ قاراپ، ئۆز كۆزىگە سىنچىلاپ قاراپ، ئۆزىنىڭ ئىچكى قىياپىتىنى ئۆزى كۆرۈش ئۈچۈن قاراش. نۇرـ غۇنلىغان كىشىلەر تاشقى قىياپىتىنى ئوبدان بىلسىمۇ ئۆزىنىڭ

www.uyghurkitap.com كىتاب تورى ئۇيغۇر كىتابلىرىنىڭ يېڭى ئادرېسى

كۆزىنىڭ زادى قانداقلىقىنى راسا دېگەندەك بىلمەيدۇ. ئۇ كۆزىگە «ئەۋرەتتىكىسى كۆڭۈلگە تايىن» دېگەن سەممىيلىك بىلەن قاراش ئاسان ئەمەس. ۋەھالەنكى، مۇنداق ئەينەككە قاراشقا جۈرئەت قىلىش ۋە مۇنداق ئەينەككە قاراشتىن تەربىيەت ئېلىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇشنىڭ بولۇش - بولماسلىقىدا پەرق تولىمۇ كاتتا! ھەسەتخورلۇقتا تەلۋە - تەرسا دەرىجىگە يەتكەن بىمارلارنىڭ ئىككىنچى خىل ئەينەككە قارىشى تولىمۇ، مۇشكۈل.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار» دىن

تىكەندىن قورقماي ئەتىرگۈل بولماس، ئىتتىن قورقماي جاھانكەزدى! ھەسەتكە يولۇقۇش نومۇس ئەمەس! ئۇ غەربىي ياۋروپا خىرىستىئان مۇئەللىپلىرى ئېيتقاندەك: تەڭرىنىڭ غايە ۋە ئىجتىھات چېنىقتۇرىدىغان، ھەسەتسىز پاك قەلب يېتىشتۈرىدىغان ئالاھىدە بىر خەيرخاھلىقى!

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار» دىن

ھەسەتخورلۇق —نامەرد، كۆڭلى قارا، خىيانەتكار روھ. روشەنكى، ھەسەت بىلەن ۋىجدان بىر قەلبتە ياشىيالمايدۇ. شۆھرەتپەرەسلىك، ئالدامچىلىق ۋە كىشىلەرنى پارچىلاش بىلەن ھەممىگە ئېرىشىمەن دەپ يۈرگەن ھەسەتخور ئۆزى كولىغان ئازگالدا قالىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئۇللەت» تىن

ھەممە دېڭىزنىڭ چېكى بار، پەقەت غەيۋەت دېڭىزىنىڭ چېكى يوق!

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش — مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى» دىن

ئەجابىي ھېكمەتلەر ئابىدىلىرى قانداق ھەقىقەت بولسا، سەل-بىي ئىللەت جاھاننەمالىرىمۇ شۇنداق چىن ئىنكاس قىممىتىگە ئىگە.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «يېپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت» تىن

سۈيىقەست —ئاجىز ھالەتتىكى قاباھەتنىڭ ھەسەت قىلىش شەكلى. بىر ئادەم سۈيىقەستچىلىك بىلەن شۇغۇللانماسلىقى پۈ-تۈنلەي مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۇچۇن ئاق كۆڭۈل، ئادىل ۋىجدان بولۇشى يېتەرلىك. ئەمما، بىر ئادەمنىڭ سۈيىقەستتىن ساقلىنىشى تولىمۇ قىيىن. ھەتتا قۇدرەتلىك داھىي ـ سەركەردىلەرمۇ سۈيىقەستتىن ساقلىنالمىغان. سۈيىقەستكە ئۇچراپ، ئۇنىڭدىن تامامەن قۇتۇلۇپ چىقماق ۋە راۋان ھايات يولىغا ئېرىشمەك بۇنىڭدىنمۇ مۇشكۇل. ھوشيارلىق، تەدبىرلىك، كۈچلۈكلۈك بۇ جەھەتتىكى مۇھىم، ئەمما بىردىنبىر بولمىسىمۇ، كەم بولسا بولمايدىغان شەرت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئەزگۈ مالائىكە» دىن

ئەقىل ۋە ئەدەپ ياشلارنىڭ گۈزەل ھۆسنى، ئەقىل ۋە ئەدەپنى يوقاتقان ياشلار ھايات سەھنىسىدىن تېزرەك يوق بولغىنى ياخشى-راق.

ئابدۇقادىر ئەزىزى



ئەگەر سەن ئەقلىڭنى توغرا ئىشلىتەلىسەڭ، ياتقان ئورنۇڭ كېچىدىمۇ ئەقىل نۇرى بىلەن دائىم يورۇپ تۇرىدۇ.

ئابدۇقادىر ئەزىزى

ئەقىلسىزلىق بىلەن كۆزنى ھاقارەتلىمە، چۈنكى، ئاقىللارنىڭ كوردىن ئېغىزىنى يۇمۇشى توغرا ئىشتۇر، كوردىن ھايانى قانداق

www.uyghurkitap.com

ئۈمىد قىلىسەن؟ ئۇنىڭ ھايا قىلىش ئەزاسى خاراب تۇرسا.

ئابدۇقادىر ئەزىزى

ئەگەر رىزقى - نېسىۋە ئەقىلگە قاراپ بولىدىغان بولسا ئىدى، مانا شۇ ۋاقىتتا ھايۋانلار نادانلىقلىرىدىن ھالاك بولغان بولاتتى.

ئابدۇقادىر ئەزىزى

ئەقىللىق ئادەم پەزىلەتلىك ئادەمدۇر.

ئەبۇ نەسىر فارابى

قەدىر بىلمەس ئادەمدىن ھايۋان ياخشىراقتۇر.

موللا بىلال نازىمى

ناداننىڭ سۆھبىتىدىن زىنداننىڭ ئازابى ياخشىراق.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

بىلىملىك بىر كىشى مىڭ نادانغا تەڭ كېلەلەيدۇ.

ئەھمەد يۈكنەكى

ئەقلى بار ئادەم ئىنسان بولىدۇ، ئەقىلسىز ئادەم ھايۋان بولىدۇ.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

تەلۋىگە نەسىھەت قىلماق قۇيۇننىڭ پۇتىغا ئىشكەل سالماق بىلەن باراۋەر.

ئەلىشىر ناۋايى

ئەقىللىق قۇش تۇزاقتىكى داننى يېمەيدۇ.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

ئالدامغا چۈشۈش بىرلا قېتىم بولىدۇ، بىر قېتىم

ئوڭۇشسىزلىقتا ئۈچرىساڭ، بىر ئەقىل تاپىسەن.
مەھمۇد قەشقەرى

ھەسەت بىر كىشىنىڭ راھىتى ئۈچۈن يەنە بىر كىشىنى ئازابقا سالىدۇ، ھەر سائەتتە مىڭ غەم ـ غۇسسىنىڭ زەھرىنى كىشىگە ئوتلاتتۇرىدۇ، بىرەر ئادەم راھەت قەدىمىنى يەرگە قويسا، ھەسەتخور ھەسەت قولى بىلەن بېشىغا كاچاتلايدۇ.
موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

غەيۋەت زىنادىن قاتتىقراق گۇناھتۇر، كىمكى غەيۋەت قىلسا، غەيۋەتنى قىلىنغۇچىنىڭ گۆشىنى يېگەنگە ئوخشاش بولۇپ، ئادىمىيلىك تەبىئىتىنى يوقاتقان بولىدۇ، چۈنكى يېيىشكە تېگىشلىك بولمىغان نەرسىلەرنى يېيىش ئادەمگە خاس قىلىق ئەمەستۇر.
موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

غەيۋەتخور كىشى ئۆزىمۇ ئامانلىق تاپالمايدۇ.
مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

كىمكى خەلق ئارىسىدا غەيۋەتخورلۇق قىلىدىكەن، ئۇنداقلار دېۋە بىلەن شەيتانغا سىرداشتۇر، كىمكى خەلق ئارىسىدا گەپ توشۇغۇچى، سۇخەنچى بولسا، شۇبھىسىزكى، ئۇ ئىپلاستۇر.
مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى



پىتنىخورلۇق قىلىش ناھەق قان تۆكۈشتىنمۇ يامان.
مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

پىتنىخورنىڭ رىزقى كەم بولىدۇ.
مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

www.uyghurkitab.com

كىشىنىڭ غەيۋىتىنى قىلغۇچىلار بىلەن بىر يەردە تۇرما.
مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

ئالىي ھەممەتلىك كىشىلەر پىتنە ـ پاساتتىن خالىي بولىدۇ.
مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

ئىلىمسىز كىشى هايۋانغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىشى پىتنە ـ پاسات تېرىشتىنلا ئىبارەتتۇر.
مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

ناھەق قان تۆكۈش پىتنىدىن پەيدا بولىدۇ، پىتنىخورلۇقتىن ئالەمدە كۆپ غوۋغا تېرىلىدۇ.
مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

ئالەم پىتنىدىن خاراب بولىدۇ، پىتنىدىن كۆپلىگەن ئادەملەرنىڭ جېنىغا ئازاب يېتىدۇ.
مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

پىتنىنى تەرك ئەتكەن كىشى ئىززەتكە ئېرىشىدۇ.
مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

پىتنە ـ پاسات ئىچىدە يۈرگەن ئادەم توپان ئىچىدە يۈرگەندەك بولىدۇ.
مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

پىتنە ـ پاساتقا مايىل كىشىلەر ئۆمرىنى بىھۇدە زايا قىلىدۇ.
مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

ئوتنى يالقۇن بىلەن ئۆچۈرگىلى بولمايدۇ.
مەھمۇد قەشقەرى

ئەگەر كۆزۈڭ باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى كۆرسەتسە، سەن ئۇ كۆزۈڭگە: «باشقىلارنىڭمۇ كۆزى بار» دېگىن. ئەگەر ئەقىل ئىگىسى بولساڭ، باشقىلارنى ئەيىبلىمەيتتىڭ، ئەگەر ئۆزۈڭدىكى ئەيىبنى كۆرەلىسەڭ، بۇ ئەيىبىڭ بىلەن جىم بولاتتىڭ.

ئابدۇقادىر ئەزىزى

ئەيىب ـ نۇقساننى تونۇغۇچىلارنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى كەچۈرۈش ئۇستۇن ھەممەتلىك كىشىنىڭ بەلگىسىدۇر.

موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

ئىنسانلار ئىچىدە ئۆز ئەيىبىنى ئۇنتۇپ، قېرىندىشىدىكى ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ئەيىب ـ نۇقساننى ئەسكە سالىدىغان قەبىھ، يامان ئادەت بار. بارلىق ئەخلاق تەبىئىتىدىن رازى بولىدىغان كىم بار؟ چەكلىك ئەيىبى بولۇشىنىڭ ئۆزى پەزىلەتلىك ئىنسان ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئابدۇقادىر ئەزىزى

خەلقنىڭ ئەيىبىنى سۆزلىگىچە، ئۆزۈڭنىڭ ئەيىبىگە كۆز سالغىن.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

كىشىنىڭ ئەيىبىنى ئېچىش بىلەن ئۆزۈڭنىڭ ئەيىبىنى ياپالمايسەن.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

ھەسەت قىلىش كەچۈرگىلى بولمايدىغان جىنايەت، چۈنكى

ھەسەت قىلىشتىن كېلىپ چىققان خاتالىققا نىسبەتەن شۇنىڭغا يارىشا «جاۋاب» بولىدۇ.

«ھاياتىڭىزغا تەسىر كۆرسىتىدىغان پەلسەپىۋى مەسىلىلەر» دىن

ساختىپەزلىك ۋە ۋىجدانسىزلىقتىنمۇ شەرمەندە گۇناھ يوق!

«بېكون كىشىلىك ھايات ھەققىدە» دىن

شۆھرەتپەرەسلىك، ئالدىراڭغۇلۇق ۋە جاھىللىق بەك ئەسكى خاراكتېر ھېسابلىنىدۇ، ئەڭ يامىنى، ھەسەتخورلۇق، ھەتتا باشقىلارغا بالا - قازا ئىزدەشتۇر.

«بېكون كىشىلىك ھايات ھەققىدە» دىن

ئىنسانىنىڭ ھەرخىل ھېسسىياتلىرى ئىچىدە، ئادەمنى ئۆزگە ئالاھىدە مەپتۇن قىلىدىغىنى مۇھەببەت بىلەن ھەسەتخورلۇق. بۇ ئىككى خىل ھېسسىيات كۈچلۈك ئارزۇ - ھەۋەس قوزغىيالايدۇ، خىيالىي تۈيغۇ ۋە قاراش پەيدا قىلالايدۇ ھەمدە كىشى قەلبىنى قايمۇقتۇرالايدۇ.

«بېكون كىشىلىك ھايات ھەققىدە» دىن

ھەسەتخورلۇق ياۋۇزلۇق ۋە ئاپەتنى كۆزى چۈشكەن يەرگە ياغدۇرىدۇ. بەزىلەر: ھەسەتخورلۇقنىڭ زەھەرلىك كۆزىنىڭ ئەڭ كۆپ زىيانكەشلىك سالالايدىغان پەيتى دەل ھەسەتخورلۇققا ئۇچرىغان كىشىنىڭ ئەڭ كۆرەڭلەپ كەتكەن پەيتى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. چۈنكى بىر تەرەپتىن، بۇخىل ئالاھىدە ھەسەتخورلۇقنى تېخىمۇ كۈچەيتەلەيدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ خىل ئەھۋالدا، ھەسەتخورلۇققا ئۇچرىغۇچىنىڭ روھىي كەيپىياتى پۈتۈنلەي ئۇنىڭ تاشقى

كۆرۈنۈشىدە گەۋدىلەنگەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاسانلا زەربىگە ئۇچرايدۇ.

«بېكون كىشىلىك ھايات ھەققىدە» دىن

ئەخلاقى بۇزۇق ئادەم ئەخلاقلىق ئادەمگە ھەسەتخورلۇق قىلىدۇ. چۈنكى ئادەمنىڭ قەلبى ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىدىن ئوزۇق ئالالىمىسا، چوقۇم باشقىلارنىڭ كەمچىلىكىنى تېپىپ، ئۇنى ئۆزىگە ئوزۇق قىلىدۇ. ھەسەتخورلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقى بولمايدۇ ھەمدە ئۇلار باشقىلارنىڭ كەمچىلىكىنىمۇ تاپالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار باشقىلارنىڭ بەختىنى بۇزۇش ھېسابىغا ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرىدۇ. بىر ئادەمنىڭ ئۆزىدە مەلۇم بىر خىل گۈزەل ئەخلاق كەم بولسا، ئۇ چوقۇم باشقىلارنىڭ بۇ خىل گۈزەل ئەخلاقىنى كەمسىتىش ئارقىلىق ئىككىيلەننىڭ تەڭ بولۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ.

«بېكون كىشىلىك ھايات ھەققىدە» دىن

ھەسەتخورلار يوقىلاڭ ئىشلارنى تىڭ ـ تىڭلاشقا ئامراق كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ باشقىلارغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈشىدىكى سەۋەب، مەزكۇر ئىشلارنىڭ ئۇلارنىڭ تۇپ مەنپەئىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ كۆڭۈلسىزلىكىنى تېپىپ، ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى پۇخادىن چىققۇچە خۇشال قىلىشتۇر.

«بېكون كىشىلىك ھايات ھەققىدە» دىن

ئەمەلىيەتتە، ئۆز ئىشىغا تامامەن بېرىلگەن ئادەمنىڭ باشقىلارغا ھەسەت قىلغۇدەك ۋاقتى بولمايدۇ. چۈنكى «ھەسەت ھەر تەرەپكە قاتراپ يۈرىدىغان بىر خىل ھېسسىيات». ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىدىغانلار پەقەتلا ئىشى يوق بىكار تەلەپلەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن

كونىلار: «يوقىلاڭ ئىشنى تېرىپ يۈرىدىغانلار چوقۇم يامان نىيەت-لىكلەر» دېگەن.

«بېكون كىشىلىك ھايات ھەققىدە» دىن

يەڭگىلى بولمايدىغان مەلۇم نۇقسانى بار ئادەم، مەسىلەن، ناكا ئادەم، ھەرەم غوجىسى، ياشانغان كىشى ۋە نىكاھسىز تۇغۇلغان بالا قاتارلىقلار ناھايىتى ئاسانلا باشقىلارغا ھەسەتخورلۇق قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆز نۇقسانىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشقا ئامالسىز بول-غاچقا، ئۇنى باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىش ئارقىلىق تولدۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. پەقەت شۇنداق نۇقسانى بار ئۇلۇغ پەزىلەتلىك ئادەملا ھە-سەتخورلۇق قىلمايدۇ. بۇ خىل پەزىلەت بىر خىل نۇقساننى شەرەپكە ئايلاندۇرالايدۇ.

«بېكون كىشىلىك ھايات ھەققىدە» دىن

شۆھرەتپەرەسلىكى كۈچلۈك كىشىدىمۇ باشقا بىرىنىڭ دا-ۋاملىق ئۆزىدىن ئېشىپ چۈشىدىغانلىقىنى كۆرگەندە ھەسەتخور-لۇقى قوزغىلىدۇ.

«بېكون كىشىلىك ھايات ھەققىدە» دىن

ئىشداشلار ئارىسىدا بىرەرى ئۆستۈرۈلگەندىمۇ ئاسانلا ھەسەت-خورلۇق قوزغىلىدۇ. چۈنكى بىرەرى مەلۇم ئەۋزەللىكى، ئارتۇقچى-لىقى ئۈچۈن ئۆستۈرۈلسە، بۇ ھال باشقىلارنىڭ بۇ جەھەتتە لاياقىتى يوق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ قويىدۇ ـ دە، ئۇلارنىڭ ئىچىنى زىدە قىلىدۇ. ئۆزئارا چۈشىنىش قانچىكى چوڭقۇر بولسا، بۇ خىل ھە-سەتخورلۇق شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. ئادەم ناتونۇش بىر ئادەمنىڭ ئۆستۈرۈلۈشىگە يول قويسا قويىدۇكى، ھەرگىز يېنىدىكى ئادەم-نىڭ ئۆسۈشىنى كەچۈرمەيدۇ.

«بېكون كىشىلىك ھايات ھەققىدە» دىن

**مەجمۇئە ئىسمى :** ھېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى
**كىتاب ئىسمى :** ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھېكمەتلەر
**پىلانلىغۇچى :** مۇرات ئېلى
**باش تۈزگۈچى :** ئادىل مۇھەممەت
**تۈزگۈچىلەر :** ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
ئايشەمگۈل ئايۇپ
جۇرئەت نىياز
بىلقىز مۇھەممەت
**تەكلىپلىك مۇھەررىر :** ئامىنە كىچىك
**مەسئۇل مۇھەررىر :** ئەنۋەر قۇتلۇق
**مەسئۇل كوررېكتورى :** قەييۇم تۇرسۇن
**نەشرىيات :** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
**ئادرېسى :** (830000 ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ قورۇ )
**تارقاتقۇچى :** شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
**زاۋۇت :** شىنجاڭ شىنبۇۋېن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**فورماتى :** 880×1230 مم 32/1
**باسما تاۋىقى :** 3 باسما تاۋاق
**خەت سانى :** 51 مىڭ خەت
**نەشرى :** 2008 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**بېسىلىشى :** 2008 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى :** ISBN 978—7—80744—288—2
**باھاسى :** 9.90 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ )